


مەھەممەتئىمىن توختايوۋ
قانلىق يەر
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەھەممەتئىمىن توختايوۋ

# قانلىق يەر

(رومان)

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## كىرىش سۆز

### ئابلىز نازىرى

مەن تېخى يېقىندىلا مەھەممەت ئىمىن توختايۇۋنىڭ «قانلىق يەر» دېگەن رومانى بارلىقىنى ئاڭلىدىم. 1984 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئەرشىدىن تاتلىق، ئەخمەت ئۆردى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرنەچچە رەت جەم بولغاندا، «قانلىق يەر» رومانى توغرىسىدا پاراڭ بولغانىدى. بىز رومان ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ روماننى ئىزدەپ تېپىش خىزمىتىنى ئۇزۇن مۇددەت ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە خىزمەت قىلغان ھەم بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار بىلەن پىششىق تونۇش بولغان يولداش شۈ گۇاڭخۇاغا تاپشۇردۇق. ئۇ 1989 - يىلى بۇ رومان بېسىلغان «غەربى شىمال ئەدەبىيات - سەنئىتى» (كېيىنچە «يەنخې دەرياسى» غا ئۆزگەرتىلگەن) ژۇرنىلىنىڭ 1951 - يىللىق 4 - 9 - سانلىرىنى تاپتى. بىز بۇ روماننى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىگە تاپشۇردۇق. تەھرىر بۆلۈم بۇ روماننى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن نەشر قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ، «قانلىق يەر» كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئاپتور ئازادلىقتىن ئىلگىرى [illegible] خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شياۋ يۈئەن ئەپەندى بىر [illegible] بەزى بابلىرىنى كۆرۈپ، تۈزىتىش پىكرىنى [illegible] ئاپتور تۈزەتكەن. شۇ چاغدا، شياۋ يۈئەن ئەپەندى [illegible] يۆتكىلىپ، ئىچكىرىسىگە مېڭىشقا تەييارلانغانىكەن. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا، بۇ رومانىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن. ئەسەر تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنمىغان، شياۋ يۈئەن ئەپەندى ئازادلىق ھارپىسىدا مالايسىياغا كۆچۈپ كەتكەن. 1950 - يىل 7 - ئايدا، بۇ رومانىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى (قاتتىق ئاشلىق خاتىرىگە كۆچۈرۈلگەن نۇسخا) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ كۆرگەزمىسىگە ئەۋەتىلگەن. «غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش خۇسەي رومانىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى كۆرۈپ، ياخشى ئەسەركەن، دەپ ھېسابلىغان ھەمدە ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان.

«قانلىق يەر» رومانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى بىر فېئوداللىق مۇھەببەت، نىكاھ پاجىئەسى تەسۋىرلىنىدۇ. ۋەقە قەشقەرنىڭ قىزىلدۆۋە دېگەن يېرىدە يۈز بەرگەن. موزدۇزنىڭ ئوغلى سادىق بىلەن گۈزەل قىز رەناخان بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پومېشچىك سالى باينىڭ ئوغلى قادىر رەناخاننى

كۆرۈپ قالىدۇ - دە، دەرھاللا يامان نىيەتكە كېلىدۇ، ئۇنى ئالتىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ ھەمدە رەناخاننىڭ ئاتىسىغا ئەلچى، تويلۇق ئەۋەتىدۇ. رەناخاننىڭ ئاتىسى بۇ تويغا ماقۇل بولىدۇ، ئەمما توي كۈنى ئاشىقىغا سادىق، زوراۋانلىققا باش ئېگىشنى خالىمىغان رەناخان قېچىپ كېتىدۇ، مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ئاشىقى بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ. غەزەپلەنگەن قادىر ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى توپلاپ، سادىقنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ. بىچارە سادىق ئارمىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي پانىي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. رەناخانمۇ ئېرىنى ئىزدەش جەريانىدا بىھېساب رىيازەت چېكىپ، ئاخىر ئۆلۈپ كېتىدۇ.

رومانىدا شۇ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلققە دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدەك جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي قىياپەت چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

مەھەممەت ئىمىن توختايوۋ 1920 - يىلى قەشقەردىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1936—1937 - يىللىرى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1937 — 1942 - يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئېچىلغان فوتوگرافلار كۇرسىدا ئوقۇغان ھەم

خىزمەت قىلغان. 1943-يىلى ل. مۇتەللىپ بىلەن تونۇشـ
تۇرۇشى بىلەن ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان،
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولغا ئېلىنغان. 1945-يىلى
تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتقان. 1946-
يىلى شاڭخەيگە بېرىپ كىنو فىلىملىرىنى سۈرەتكە
ئېلىشنى ئۆگەنگەن. شاڭخەيدىن قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ
ياشلار ئانسامبىلىدا خىزمەت قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن
(1948-يىل) بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن شياڭگاڭغا بارغان.
شياڭگاڭدىن قايتىپ، شاڭخەيدىكى «تەڭرىتاغ رەسىملىك
ژۇرنىلى» ئىدارىسىدە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان.
شاڭخەي ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1951-يىلى شىنجاڭغا
قايتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھەربىي رايون كىنو
ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە
خىزمەت قىلغان. 1969-يىلى كېسەللىك سەۋەبى
بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇندەرىجە


1 . قىزىلدۆۋە بازىرى ........ 1

2 . چىراغ تۈۋىدە ........ 9

3 . سادىقنىڭ ئىچ پۇشۇقى ........ 16

4 . مەشرەپتە ........ 21

5 . يۈرەك ئاغرىقى ........ 31

6 . چاقىرىلمىغان مېھمان ........ 40

7 . پېرىخون ........ 46

8 . شېرىن ئەسلىمە ........ 55

9 . بىچارە يېتىم قىز ........ 60

10 . مەسلىھەت ........ 65

11 . بوستان كېچىسى ........ 72

12 . مېھمان كەلدى ........ 79

13 . خۇشاللىق ئىچىدىكى خاپىلىق ........ 86

14 . سالى باينىڭ سوۋغىتى ........ 91

15 . ئىككى چېكىم نەشە ........ 96

16 . قىساس ئۇچقۇنى ........ 104

17 . ھەزرەت سەيلىسى ........ 109

18 . قەستكە ئۇچراش ........ 115

19 . سۆيگۈ خەتلىرى ........ 120

20 . مۇھەببەت ئۈچۈن ........ 125

21 . قىپچىش ........................................ 133
22 . مۇرادقا يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار ........ 141
23 . قارا يۈزلۈك ئىككى ئادەم .................... 145
24 . جىددىي ئۆزگىرىش ............................ 149
25 . جۇدالىق .......................................... 156
26 . تۆگىمەس كۆز يېشى .......................... 160
27 مۇشكۈل سەپەر ................................... 165
28 . ئۆچمەس قىساس ئوتى ........................ 171

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 1. قىزىلدۆۋە بازىرى

ئۆلان ئۆسۇ① دەرياسى بەئەينى سوزۇلۇپ ياتقان هادىس يوغان قىرى ئەجدىهاغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا قىرغىز دېگەن يېرىگە ئېسىلغان بولۇپ، تېنى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي چېگرا جايلىرىنى ئۆز باغرىغا ئالغان، بېشى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قەشقەر ئەتراپىغا سوزۇلغان.

ئىككى قەدىمىي شەھەر — كونا شەھەر ۋە توققۇزاق② بۇ ئەجدىهانىڭ بىر جۈپ كۆزىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقان.

كوناشەھەر — هازىرقى قەشقەر شەھىرىدۇر. ئۇ ئۆلان ئۆسۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. تۈمەن ئاتلىق يەنە بىر دەريا بۇ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىنى بويلاپ ئاقىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ. شۇڭا ئۇ سۈيى ئەلۋەك ماكان، دەپ داڭق چىقارغان.

ئۆلان ئۆسۇ دەرياسىنىڭ كوناشەھەر ئەتراپىدىكى بۆلىكى بۇرۇن يەتتە چاقىرىملىق دەريا دەپ ئاتىلاتتى،

① ئۆلان ئۆسۇ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ھەزەل دەريا دېگەن مەنىدە — دە.

② بۇرۇن هازىرقى قەشقەر شەھىرى كوناشەھەر دەپ، هازىرقى كونا شەھەر توققۇزاق دەپ ئاتىلاتتى — دە.

كۈز ۋە قىش پەسلى ئارىلىقىدا، دەريا سۈيى تاغلار-نىڭ قىزىل تۇپرىقى بىلەن بويۇلۇپ قىزغۇچ رەڭگە بول-غاچقا، قىزىل دەريا دېمەك ئاتىلاتتى. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە، دەريا سۈيى جۇلالىق قاشتېشىدەك تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇماق قىزنىڭ تەبەسسۇم ئەيلىگەندىكى زىناقلىرىغا ئوخشايدىغان مەيىن دولقۇن كۆتۈرەتتى، زۇمرەتتەك سۇ دولقۇنى چەكسىز ياشلىق باھارىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلاتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ياپيېشىل دەل - دەرەخلىك، يۇمران ئوت - چۆپلۈك بولۇپ، رەڭدارەڭ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەنىدى؛ خۇددى شاھمات تاختەكچىلىرىدەك بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىرىدىن ئاققان ئېرىق - ئۆستەڭلەر تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغانىدى؛ بۇلار بۇ يەردە تەڭداشسىز گۈزەل، كىشىگە چەكسىز لىرىك تۇيغۇ بېرىدىغان كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

دەريا سۈيىنىڭ كۈچى بىلەن كۆپلىگەن تۈگمەن-لەر چۆرگىلەۋاتاتتى، دېھقانلار ئېتىز ئارىلىرىدا ئۆكۈز-لەرنى ھەيدەپ يۈرەتتى. سۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتى، قۇملۇققا يېقىن بۇ زېمىننى، قۇملۇق بويىدىكى يېشىل بوستانغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئۇلان ئۇسۇ دەرياسى چېگرا رايوننىڭ غول تومۇرى ئىدى، ئۇ بۇ تۇپراقنى سۇغا قاندۇرۇپ، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرنى، گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرگەنىدى، ئىككى قىرغىقىدىكى پۇقرالارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارغا

كۈن كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بەرگەنىدى. ئۇ نۇرغۇن بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغاچقا، سۈيى ئەينەكتەك سۈزۈك، تاتلىق ھەمدە سوغۇق ئىدى. كىشىلەر بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم قاۋۇل، بەرجەس بولىدۇ، دېيىشەتتى.

بىز قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى — يەتتە چاقىرىملىق دەريا بىلەن تۈمەن دەرياسى ئايرىلىپ ئاقىدىغان جايدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىساق، يىگىرمە چاقىرىمچە يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا بىر يېشىللىق كۆزىمىزگە چۈشىدۇ. بۇ بوستانلىق دۆلەتباغ. غەربىي جەنۇب ياقتا قارىساق، يەتتە چاقىرىملىق دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خۇددى بېلىق قاسراقلىرىغا ئوخشايدىغان قاتار-قاتار ئۆيلۈك مەھەللە كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ جاي قىزىلدۆۋە بازىرى. سىز بۇ يەردىن ئەتراپقا قارايدىغان بولسىڭىز، ھادىس گۈزەل مەنزىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئانا تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ ماھىرانە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەھسىن ئېيتىسىز. بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكى باھار پەسلىدىكى جياڭنەننىڭ گۈزەللىكىدىنمۇ چەندان گۈزەل ئىدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قەشقەر سۇلى بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھېلىھەم ھەممە يەردە تارىخنىڭ يادىكارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ۋەھالەنكى، دۇنياغا داڭق چىقارغىنى سۇلى بەگلىكىنىڭ يادىكارلىرى ئەمەس، بەلكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى ياسالغان

ئاپاق خوجا ياكى ئىپارخان مازىرى ۋە قىزىلدۆۋە بازىرىدىكى توختى رەشىد دۆڭلۈكى ئىدى. ئىپارخان سۆلى بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ھاياتىكى خاتىرىسى چەكسىز دەرد ـ ئەلەم، نادامەت، مىڭ دانىلىكنىڭ قان ـ ياشلىرى بىلەن تولغان بولسا، توختى رەشىد دۆڭلۈكى دەھشەتلىك ئاققان قانلارنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

توختى رەشىد ــ قىزىلدۆۋە بازىرىنىڭ غەربىدىكى يەتتە چاقىرىملىق دەرياغا يېقىنلا جايدىكى دۆڭلۈك ئىدى، توختى رەشىد بۇرۇنقى بىر خاقاننىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ دائىم بۇ دۆڭلۈككە كېلىپ ئادەملەرنى قەتلى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن ۋە گۈزەل مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىدىكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ دۆڭلۈكنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقانىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، توختى رەشىد تەڭداشسىز سەلتەنەتلىك خاقان بولۇپ، تولىمۇ قانخور ئىكەن، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا قانچىلىغان بىگۇناھ پۇقرانى قەتلى قىلغانلىقىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئاشۇ دۆڭلۈك يېنىدىكى قەبرىستانلىق ئەينى زاماندا توختى رەشىد قىلغان ۋەھشىيانە قاتىللىقنىڭ شاھىدى ئىكەن. توختى رەشىد دۆڭلۈكىنىڭ ئەتراپى بۇرۇن قانغا تولغان جەڭگاھ بولۇپ، شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى قىزىلدۆۋە ــ قانلىق يەر، دەپ ئاتاشقانىكەن.

تارىخ، خۇددى يەتتە چاقىرىملىق دەريانىڭ توختىماي شەرققە قاراپ ئاققان سۈيىدەك، ئەبەدىي ئارقىغا

قايرىلمايدۇ، ئۆتكەن ئىشلار بارا-بارا يوقىلىدۇ، يېڭىدىن سادىر بولغان ئىشلارمۇ بارا-بارا ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. يەتتە چاقىرىملىق دەريا بۈگۈنگە قەدەر جىددىي ئاقماقتا، ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەيىن دولقۇنلىرى قايسى زامانلاردا غايىب بولدىكىن! تۇختى رەشىدخاننىڭ جاھانغا پاتماي قالغان مەيۈسىمۇ شەرققە ئاققان سۇدەكلا غايىب بولدى.

يىگىرمە يىل مۇقەددەم، باش باھار مەزگىلى. رەھىمسىز، شەپقەتسىز، مۇردىدەك ئۈن-تىنسىز زىمىستان ئۆتۈپ كەتتى، كەڭ زېمىن تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، بۇ قەدىمىي زېمىن قايتىدىن يېشىل تون يېپىندى.

يەتتە چاقىرىملىق دەريا بويلىرى يېڭى ھايات تىنىقلىرىغا تولدى. كۆك ئاسماندىكى قۇياشمۇ ھۇزۇرلۇقنى تاشلاپ، كەڭ زېمىنغا تەبەسسۇم، مېھرىبانلىق بىلەن تويماي باقاتتى. بارلىق ھاياتلىق تېخىمۇ روھلىنىپ، مانا شۇ مەيىن شاماللىق يىللىق كۈنلەردە يېڭى بىر يىللىق تۇرمۇشى ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەشكە تەييارلاندى.

ئۆكۈزلەر ئىگىلىرىنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئېغىر بۇقىسىنى سۆرەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتى. ئىنەكلەر بىر يېقىملىق مۆرىشىپ، موزايلىرىنى مېھرىبانلارچە ئەمدۈرۈۋاتاتتى. ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈنمىگەن باھار بۇلبۇللىرى توپ-توپ بولۇپ جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. تاغ چوقىلىرى شەپقەتسىز ئاق تونلىرىنى تاشلاپ، تارام-تارام بۇلاق سۇلىرىنى زېمىنغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەۋەتتى. ھەممە ياقتا ئوت - چۆپلەر بىخ چىقاردى، يەتتە چاقىرىملىق دەريا سۈيى جانلاندى. ئۇ ... سۇ يۈزىدىكى مۇز قاتلىمىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، مۇز پارچىلىرىنى يىللىق قايناملارغا غەرق قىلىۋاتاتتى.

ھەممەيلەن تەڭلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

توختى رەشىد دۆڭلۈكتىن قىزىلدۆۋە بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن ئېرىقنى بويلاپ سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپ ئۈجمىلىككە يەتكەندە، ئادەملىك كۆزگە ھەممىدىن ئاۋۋال چېلىقىدىغىنى ئېگىز مۇنارىسى كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك قەدىمىي مەسچىت ئىدى. بۇ قىزىلدۆۋىلىكلەر جەم بولۇپ ناماز ئوقۇپ، تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان جاي ئىدى. مەسچىتنىڭ جەنۇب تەرىپى تامامەن ئۈجمىلىك ئىدى. ھەر يىلى 6 - ، 7 - ئايلار ئارىلىقىدا ئۈجمە شاخلىرى سېرىق رەڭ ياقۇتتەك ۋە ئاپئاق ئۈجمىگە تولاتتى. يولۇچىلار خالىغانچە ئۈزۈپ يەپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇراتتى، تەشنا يۈرەكلەر زەمزەم ئىچكەندەك ياپراپ كېتەتتى.

ئۈجمىلىكتىكى چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار - قاتار پاكار ئۆيلەر ئىدى. يۇقىرىلار تۇپتۈز ئۆگزىلىرىگە ئوت - چۆپ تېرىپ، ئۇلاغلىرىغا يەم - خەشەك، قوناق ياكى شال قېقىپ، ئۆزلىرىگە ئوزۇق قىلاتتى. شۇڭا بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۆگزىلەرگە يېشىل پايانداز سېلىۋەتكەندەكلا ئىدى. يىراقتىن قارىغاندا، تاغنىڭ يانباغرىدىكى يېشىل پەلەمپەي ئېتىزلاردەك كۆرۈنەتتى.

ئۈزۈملەرنىڭ ئەتراپىدا سان - ساناقسىز ئات - كالا، قوي - ئۆچكىلەر توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئادەملەر دولقۇن ئالدىراش ئىدى. ئەر - ئاياللار ھەدەپ خام، چەكمەن توقۇيتتى، ئۆرۈتۈك، تىقۇماق تىكەتتى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ساتاتتى. باللار بولسا ئۆستەڭ بويىدىكى ئوچۇقچىلىقتا شاد - خۇرام ئوينىشاتتى. ئۆستەڭدىكى سۇ تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، يېقىملىق مۇزىكا چالاتتى. مانا مۇشۇنداق خاتىرجەملىك ئىچىدە كىممۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدىكى قانخورلۇقنى رەشىدخاننىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىنى ئەسكە ئالسۇن؟!

مەسچىتكە يېقىنلا جايدا سولى ئون قۇلاچچە كەلگۈدەك بىر تۈپ قېرى قاپاق تېرەك كۆككە باش تىرەپ، مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى يېشىل ۋە غۇچچىدە ئىدى. تېرەك قېرىسىمۇ، ئادەملەر دېڭىزىدىكى ھايات - ماماتلىقنى كۆپ كۆرگەن، شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تىنىچ، ئەمما ئاجىز ئەۋلادلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ، خۇددى مېھرىبان ئانىدەك كەڭ قۇچاق ئېچىپ، كىشىلەرگە كۆلۈپتىن كۆپ تەسەللى ۋە شاپائەت بېرىپ تۇراتتى.

كۆكلەم ئىلاھى زېمىن بىلەن خەيرلىشىپ، كىشىلەر بېشىغا كۈز چۈشكەن تومۇز كۈنلىرىدە، بۇ قېرى قاپاق تېرەك تۇرغۇن ئەر - ئايال، قېرى - ياشنى ئۆز باغرىغا ئالاتتى - دە، سالقىن سايىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى سەگىتەتتى. قىز - ئوغۇللار جۈپ - جۈپ بولۇپ، روبىرو ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلىشاتتى. سۆيگۈ - مۇھەببەت قاينىمىغا چۆمگەن ئاشىق - مەشۇقلار زوق - شوق بىلەن

سۆيگۈ ئىزهار قىلىشاتتى. بىر كۈن ئەتىگەنلىكى سەندۇق يەڭگەنلەر چاي-پاي پاكىنى مۇسەللەس ھاردۇق چىقىرىپ، كۆكتۈللىرىگە ئاراملىق بېغىشلايتتى. شوخ، سەبىي بالىلار كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشاتتى، تۈرلۈك ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك ئاجايىپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىشاتتى. چاچ-ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان بوۋايلار ئالەم ئىشلىرى، ئىنسان ھاياتى ھەققىدە تەمتىرەشمەي، شۇنچە راۋان سۆزلىشەتتى. بەزى-بەزىدە ئۇلارنىڭ جاھاننىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىغان ئېغىزلىرىدىن رىئاللىقتىن نارازى بولغان سۆزلەرمۇ چىقىپ قالاتتى.

قىزىلدۆۋە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈجمىلىك مەھەللىسى بۇندىن يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى دەۋردە، ئومۇمەن ئالغاندا، تەكلىماكان قۇملۇقى بويلىرىدىكى بىرقەدەر ئاسايىشلىقتا ئۆتكەن جاي ھېسابلىناتتى. بىراق سىياسىي زۇلمەتنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى بۇ يەردىكى يۇقىرىلار تۇرمۇشىنىڭ ئاسايىشلىقىنى پات-پاتلا بۇزۇپ تۇراتتى. گەرچە قىرى قاپاق تېرەك سالقىن سايىسى بىلەن ئۇلارغا شەپقەت-خەيرخاھلىق كۆرسىتىپ، يەتتە چاقىرىملىق دەريا شاپائەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ زېمىندا قانلىق پاجىئەلەر يەنىلا سادىر بولۇپ تۇراتتى.

تارىخ ئېقىن سۇغا، ھاياتلىق سۇ ئۈزۈلۈۋاتقان بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ، ئاققان سۇ ئارقىغا يانمايدۇ، سۈزۈلگەن بۇلۇت كەينىگە قايتمايدۇ. ۋەھالەنكى، شەپقەتسىز بوران-چاپقۇنلار سۇنى بەخارامان ئېقىشتا، بۇلۇتلارنى چىرايلىق بېتى سۈزۈلۈشكە يول قويامدۇ؟

## 2. چىراغ تۈۋىدە

قىزىلدۆۋە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب دوقمۇشىدىكى يولغا يېقىنلا جايدا يەنە بىر تۈپ قېرى دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى غۇچچىدە دېھقان ئۆيلىرى ئىدى.

قېرى دەرەخكە يېقىن سېلىنغان ئۆينىڭ مورىسىدىن كەچكى تاماقتا يېقىلغان ئوتنىڭ تۈتۈنى كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا قۇياش ھالسىرىغان ھالدا يىراقتىكى تاغ كەينىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندا سارغۇچ قىزىل بۇلۇتلار پەيدا بولغانىدى. ئېتىزلىقلاردا، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە، ئۆزلىرىگە قونالغۇ ئىزدىگەن توپ-توپ قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. كۈن بويى ئىشلەپ ھاردۇق يەتكەن ئات-كالىلارمۇ قوتانلاردا ئىرىنچەكلىك بىلەن قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتاتتى. ھېلىقى ئۆينىڭ بوسۇغىسى تۈۋىدىمۇ بىر ئىت پۇتلىرىنى سوزۇپ، بەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك پۈشۈلداپ ياتاتتى.

زېمىن ئاستا-ئاستا جىمجىتلىققا چۆمدى. گەرچە يەتتە چاقىرىملىق دەريانىڭ دولقۇنلىرى مۆگدەك باسقان بۇ مەھەللە يېنىدىن بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتسىمۇ، ئەمما كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇچى كەچكى شەپەق گويا ساھارنى قۇچاقلاپ ئۆزى بىللە سۇغا چۆمۈلدۈرمەكچى بولغاندەك، دەريانى كېچە ئىلاھىنىڭ باغ-

ۋىغا جىددىي ئىشتەرمەكتە ئىدى.

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر! ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللا، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا! ئەشھەدۇئەننا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا! ئەشھەدۇئەننا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا! ... ھەييۇ ھۇسسالا، ھەييۇ ھۇسسالا! ... ھەييۇھۇلپەلا، ھەييۇھۇلپەلا! ... قەددى قاۋمىسسالا، قەددى قاۋمىسسالا! ... ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ... مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا! ...

— بىردىنلا تەرەپ-تەرەپلەردىكى مەسچىتلەردىن لەرزان، ھەيۋەتلىك، سوكۇناتلىق ئەزان ئاڭلىنىپ، قىزىلدۆۋە بازىرىنىڭ جىمجىت ئاسمىنىنى جاراڭلىتىۋەتتى.

بۇ ھەرقايسى مەسچىت مەزىنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ناماز شام ئوقۇشقا چاقىرغان ئەزىنى ئىدى. مۆمىن مۇسۇلمانلار مەيلى قەيەردە — ئۆيدە، يولدا بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان قىلىۋاتقان گەپ-سۆز، ئىش-پىشىنى توختىتىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

ئەزاندىن كېيىن قىرى دەرەخ تۈۋىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قىسلاچلىرىدىن قىزغۇچ چىراغ نۇرى كۆرۈندى. ئاندىن ئۆي ئىچىدىن كىچىك كوۋانىڭ كۆڭگۈرۈلغان «توك، توك، توك» قىلغان يەڭگىل ئاۋازى ئۆرۈلۈپ-ئۆرۈلۈپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سىرتتىكى لاغايلاپ يۈرگەن توخۇلار دەرەخ شاخلىرىغا چىقىپ ئۈگۈلۈپ، كۆز يۇمۇشۇپ، ئەللەي ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. ئاشقارقى ئۆي-

نىڭ ئوچىقىدا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئاق ۋە ملل ئارتقان تىرىق ياشلاردىكى ئايال ئاماق ئېتىۋاتاتتى. بۇ ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل، رەڭگىرويى خېلىلا كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ رومىلى گۈللىرىگە ۋە ھەم يۇمۇلغان ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ چاققان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىشانەتمەن ئايالىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىككى بويى، قامەتلىك، قاپقارا قاشلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر، چاچ-ساقاللىرى چالا ئاقارغان. ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئەركىشى چىراغ ئۈۋقىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈك تىكىۋاتاتتى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم يېپىلمىغاچقا، ئۆيگە ئوت ۋە چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. سۇپىغا كىگىز سېلىنغان، كىگىز ئۈستىگە ئاۋار يوتقان-كۆرپە يىغىلغان، تەكچىلەرگە قىزىل يىپەك پەردە تارتىلغانىدى. باشقا تەرەپلەر — كىتاب جاھازىسى، چىنە-چەينەك، گۈلچەك تاماق شىرەسى قاتارلىقلارمۇ جاي-جايىغا رەتلىك قويۇلغانىدى. بۇ نەرسىلەر پاكىز ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۆيۈمنىڭ چەتلىرىگە قوغۇن ۋە سايزا ئۈزۈم ئېسىۋېتىلگەنىدى. بۇ يېشىل ۋە سارغۇچ قىزىل رەڭلەر جىمجىت ئۆيگە ئۆزگىچە گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى.

بۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئەنە شۇ تاشقارقى ئۆيدە كۆۋانى توختاۋسىز توكۇلداتىپ، باش چۆكۈرۈپ ئۆتۈك تىكىۋاتقان موزدۇز ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سايىتاخۇن بولۇپ، جىمغۇر، كەم سۆز، ئىشلەپ ھارمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ، يۈتەپ دەپ قال-

غان ئۆتۈككە بىخى سېلىنىۋاتاتتى. ئايالنىڭ ئىسمى ئايخان، ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئايالى ئىدى. ئايخان كەچلىك تاماق پىشۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى قازاندىكى پىشاي دەپ قالغان تاماقتا ئىدى.

ئۆي ئىچى جىمجىت، ناگان-ناگاندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان كوۋا، قاچا-قۇچىلار ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى.

— هاۋ، هاۋ، هاۋ ...

ئىشىك تۈۋىدىكى ئىت قاۋىدى، ئارقىدىنلا تاشقارقى ئىشىكنىڭ غىچچىدە ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سايىتاخۇن بىلەن ئايخان ئوت يورۇقىدا تەڭلا ئىشىك تەرەپكە قارىدى. جىددىي، ئەمما يەڭگىل قەدەم بىلەن كىرىپ كەلگەن يىگىت ئىشىك تۈۋىدە كەشىنى سالغاندىن كېيىن، بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىپ، تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويدى، كالتە جۇۋىسىنى قاقتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دەستە كىتاب بار ئىدى.

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى سادىق، ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئوغلى. مەكتەپتە ئەپەندىچىلىك قىلىدىغان سادىقنىڭ چىرايى قارامتۇلراق بولۇپ، ئانىسىغا ئوخشايتتى، ئەمما چىغۇر، سالماقلىقى دادىسىغا ئوخشايتتى. قەددى-قامەتلىك، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال قارا مېڭى بار بۇ يىگىت ئەپچىلگىنە بۇرۇت قويۇۋالغانىدى.

— سالام دادا، ئانا! — ئۇ سايىتاخۇن بىلەن ئايخانغا يېقىنراق كېلىپ، ئېگىلىپ سالام بەردى.

— هە، قايتىپ كەلدىڭمۇ بالام؟ — دېدى ئايخان مېھرىبانلىق بىلەن.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — سايىتاخۇن قولىدىكى بىت گىزلى چاچلىرىغا سۇركەۋېتىپ، ئوغلىغا قارىدى، — بەك كەچ قالدىڭغۇ؟

— مەكتەپتە يىغىن ئېچىلغانىدى، — دېدى سادىق. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر مۇڭ ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز- ھەرىكىتى ئېمىشقىدۇر قولاشمايۋاتاتتى.

سادىق شوخ، جۇشقۇن يىگىت ئىدى. ھەر كۈنى ئۆيگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن كىرىپ كېلەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ شوخلۇقى، شوخ كۈلكىسى قەيەرلەرگىدۇر يوقالغانىدى.

ئايخان گەپ- سۆز قىلمىدى. ئۇ ئالدىرايغىنا ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە داستىخان سالدى ۋە پىيالە ئېلىپ كەلدى، ئاندىن قازان تۈۋىگە كەتتى.

سادىق جۇۋىسىنى سېلىپ ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىققىچە، قوللىرىنى يۇيۇپ، داستىخاننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. سايىتاخۇنمۇ ئىشنى توختىتىپ، قولىنى يۇدى ۋە چىراغنى ئېلىپ كېلىپ، داستىخاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئايخان خېلىلا ئېغىر قازاننى تۆشۈك تەرەپكە چۈشۈرۈپ، تۈۋاقنى ئاچتى، شۇ ھامانلا قازاندىن تۇماندەك ھور كۆتۈرۈلدى ۋە ئۆي ئىچىنى گۆشلۈك پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى. ئايخان قازاندىكى پولۇنى لېگەنگە دۆۋىلەپ ئۇسسۇپ، قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى ۋە يەكسىمىز بولۇپ ئول-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

تۇردى. ئۇچەيلەن «قىپنى باقايلى» دېيىشىپ، پولۇنى يېيىشكە باشلىدى.

سادىق بۇرۇنقىدەك شاد - خۇرام ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا كۆڭلىدە بىرەر ئىشنى باردەك، تۈزۈك تاماق يېمىدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا بەكلا كۆڭۈل بۆلەتتى. شەپقەتلىك ئانا ئوغلىغا بىر پەس زەن سېلىپ قارىدى - دە، ھەي، ئوغلۇم بۈگۈن بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققانمىكىن، دەپ ئويلاپ ئوغلىدىن سورىدى:

— بالام بۈگۈن تاماققا ھېچلا قارىغۇلىرى يوق، تاۋدىلىرى يوقمۇ يا؟

ئېيتىپ بولماس خىيالغا چۆككەن سادىق ئانىسىنىڭ سۆزى بىلەن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى - دە، زورىغا باش چايقاپ:

— ئۇنداق ئەمەس ئانا، — دېدى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا تۈزۈك تاماق يېمەيلا؟

— بۈگۈن، — دېدى سادىق دۇدۇقلاپ، — مەكتەپتە تاماق يېگەنىدىم.

— بۈگۈن ئاناڭ پولۇنى ئوخشىتىپتۇ، پولۇ مايلىق بوپتۇ، — دېدى سايىتاخۇن پولۇ ئالغاچ ئوغلىغا قايرىلىپ، — تويغۇدەك يېگىن!

سادىق دادىسىنىڭ لەۋزىنى قايتۇرماي، يەنە بىر نەچچە كاپام يېدى.

لېگەندىكى پولۇ بارا - بارا ئازايدى. ئايخان يېنىدىكى چۆگۈندىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ئېرىنىڭ

ئالدىغا قويدى. دادا ـ بالا قوللىرىنى سۈرتتى، سايىتاخۇن ئالدىرىماي چاي ئىچىشكە تۇتۇندى.

ئايخان لېگەننى ئېلىۋېتىپ، قولىنى سۈرتۈپ كېلىپ يۆكۈنۈپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۈچەيلەن تەڭلا دۇئا قىلدى. ئايخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، چىراغنى مورا بېشىغا ئېلىپ قويدى.

سايىتاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىنى بوشلىدى. سادىقمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇۋۇشتۇردى.

خۇپتەنگە ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى، ئۈچەيلەن تەڭلا ھەرىكەتتىن توختاپ، يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ تەنتەنىلىك ئاۋازغا جىممىدە قۇلاق سالدى. بۇ چاغدا ئەتراپتا ئاشۇ ئەزان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى، ھەممەيلەن ئاللانىڭ شەپقەتلىك بۈيۈك باغرىدا باش ئېگىپ تۇراتتى. سايىتاخۇن ئەزان توختىشى بىلەنلا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈچىسىدىكى پەرتۇقنى ۋە بېشىدىكى شاپاق دوپپىنى ئېلىۋېتىپ، قوزۇقتىكى تۇماقنى ئېلىپ كىيدى، ئاندىن ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىشىكتىن چىقىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە يۈرۈپ كەتتى.

ئايخان ئۆينى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، سادىق بىر ئەسنىۋېتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 3. سادىقنىڭ ئىچ پۇشۇقى

يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا بۇلۇتلار لەرزان ئۇچۇۋاتاتتى. شامال تولىمۇ ئىللىق، ئوت - چۆپلەر تولىمۇ يېشىل ئىدى. ئالىلا زېمىنغا يېڭى باھار تونى كىيدۈرگەنىدى.

ئەر - ئايال دېھقانلار گويا ئىلاھنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندەكلا تىككۈچىلىك بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە باھارغا تون پىچاتتى، تىكەتتى، يېشىل مەخمەلنى تاقىر زېمىنغا رەتلىك ياپاتتى. ئۇلار باش چۆككۈرۈپ ئىشنى قىلغاچ ناخشا توۋلايتتى، دەريا سۈيى بولسا گويا ئۇلارغا جور بولۇپ چاۋاك چالغاندەك، بىر رىتىملىق شارقىرايتتى. تۈگمەنلەر پاتقاق تەخسىدەك چۆرگىلەپ يېقىملىق مۇزىكا چالاتتى.

— ۋۇ ... ۋۇ ... دۇت ......

بىردىنلا بۇرغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ تۈگمەنچىنىڭ ئۆگۈت تۈگمەنلىكىنى چاقىرىشى ئىدى. ئادەتتە دېھقانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان ئۆگۈتلىرىنى تۈگمەنگە ئېلىپ ماڭاتتى.

ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى ئىسكىرىپكا ئاۋازىدەك شىرىلداشلىرى، قارلىغاچلار ۋىچىرلاشلىرى، تورغاي، ئۆمۈچۈقلا،

ئالدىغا قويدى. دادا ـ بالا قوللىرىنى سۈرتتى، سايىتا-
خۇن ئالدىرىماي چاي ئىچىشكە تۇتۇندى.

ئايخان لېگەننى ئېلىۋېتىپ، قولىنى سۈرتۈپ كې-
لىپ يۆگىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۈچەيلەن تەڭلا دۇئا
قىلدى. ئايخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، چىراغنى ئورا
بېشىغا ئېلىپ قويدى.

سايىتاخۇن ئورنىدىن قوزغىلىپ، بېلىنى رۇسلىدى. سادىق-
خۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇششدى.

خۇپتەنگە ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى. ئۈچەيلەن
تەڭلا ھەرىكەتتىن توختاپ، يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇ
تەنتەنىلىك ئاۋازغا جىمىدە قۇلاق سالدى. بۇ چاغدا
ئەتراپتا ئاشۇ ئەزان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تى-
ۋىش يوق ئىدى، ھەممىيلەن ئاللانىڭ شەپقەتلىك بۇ-
يۈك باغرىدا باش ئېگىپ تۇراتتى. سايىتاخۇن ئەزان
توختىشى بىلەنلا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈچىسىدى-
كى پەرتۇقنى ۋە بېشىدىكى شاپاق دوپپىنى ئېلىۋېتىپ،
قوزۇقتىكى تۇماقنى ئېلىپ كىيدى، ئاندىن ئۆزىنى
تۈزەشتۈرۈپ، ئىشىكتىن چىقىپ، خۇپتەن نامىزىنى
ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە يۈرۈپ كەتتى.

ئايخان ئۆينى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، سا-
دىق بىر ئەسنەۋېتىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 3. سادىقنىڭ ئۈچ پۇشۇقى

يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا بۇلۇتلار لەرزان ئۈچۈشاتتى. شامال تولىمۇ يىللىق، ئوت - چۆپلەر تولىمۇ يېشىل ئىدى. ئاللا زېمىنغا يېڭى باھار تونىنى كىيدۈرگەنىدى.

ئەر - ئايال دېھقانلار گويا ئىلاھىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندەكلا تىككۈچىلىك بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە باھارغا تون پىچاتتى، تىكەتتى، يېشىل مەخمەلنى تاقىر زېمىنغا رەتلىك ياپاتتى. ئۇلار باش چۆكۈرۈپ ئىشنى قىلغاچ ناخشا توۋلايتتى، دەريا سۈيى بولسا گويا ئۇلارغا جور بولۇپ چاۋاك چالغاندەك، بىر رىتىملىق شارقىرايتتى. تۈگمەنلەر پاتېفون تەخسىسىدەك چۆرگىلەپ يېقىملىق مۇزىكا چالاتتى.

— ۋۇ ... ۋۇ ... دۇت ... دۇت...

بىردىنلا بۇرغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ تۈگمەنچىنىڭ ئۆگۈت تۈگمەنلىكىنى جاكارلىشى ئىدى. ئادەتتە دېھقانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان ئۆگۈتلىرىنى تۈگمەنگە ئېلىپ ماڭاتتى.

ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى ئىسكىرىپكا ئاۋازىدەك شىرىلداشلىرى، قارلىغاچلار ۋىچىرلاشلىرى، تورغاي، تۇمۇچۇقلا،

يېقىملىق سايراشلىرى، ئىتلار قاۋاشلىرى، قوي - ئۆچكىلەر مەرەشلىرى، ئاتلار كىشنەشلىرى، توخۇلار قاقىلداشلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ ناخشىسىغا جور بولۇپ، ئانا تەبىئەت-نىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە سىمفونىيىسىنى ھاسىل قىلغانىدى.

تۇختى رەشىد دۆڭلۈكى خۇددى چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان مويسىپىت بوۋايدەك جىمجىت ئولتۇرۇپ، تە-رەپ - تەرەپتىن كەلگەن مۇزىكىغا قۇلاق سالاتتى.

ياش بىر يىگىت ئەنە شۇ ناخشا - مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىغىر يولدىن ئاستا كېلەتتى. توختى رەشىد دۆڭلۈكىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ گاڭگىرىغان كۆزلىرىدە ئىخ-تىيارسىزلا چۆچۈش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇ بۇ يەردە توختىمايلا دەريا بويىغا كەلدى. تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا زادىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئۇ دەريادىكى توختىماي شەرققە ئېقىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلارغا جىمجىت قاراپ تۇردى، مەقسەتسىزلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

شامالنىڭ شاخ - پۇتاقلاردىكى چېچەكلەرگە ئۇرۇلۇپ ۋىژىلداشلىرى دەريا سۈيىنىڭ شارقىراشلىرىغا قوشۇلۇپ، خۇددى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى پىچىرلاپ چاقىر-غاندەك ئاۋازغا ئايلاندى:

— سادىق، سادىق! ...

بۇ ئاۋاز تولىمۇ بوش، ئادەم ئاڭقىرالمىغۇدەك ئىدى.

«ھە، كىم؟ قەيەردە سىز؟ — سادىق ئىختىيارسىزلا

ئۇنىڭ جاۋاب بەردى، ... دولقۇنلار ... سىزنى — ئۇ دەريادىكى خۇددى سادىق جامالنىڭ ... يەلپۈنۈۋاتقان چاچلىرىدەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنغا قارىدى. — ھە، سىزگە نېمە دەي؟ مەن يۈزىڭىزنى كۆرەلمىدىم، ئەمما يەلپۈنۈۋاتقان چاچلىرىڭىزنىلا كۆرۈۋاتىمەن!»

دەريا ئۇنىڭ ئۈنىنى تامامەن ئەسىر قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ دەريانى ياقىلاپ، خېلى يىراقتىكى سۇ قايرىلىدىغان دوقمۇشقىچە باردى.

ئۇنىڭ قەدەملىرى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. خىيالىي مەنزىرە تامامەن يوقالدى! كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىنىشكە يۈزلەندى، پۇتلىرى بىر يەردە توختاپ قالدى. «ھەي، مېنىڭ ئىشىم ۋۇجۇدقا چىقامدۇ؟» ئاخىرەت ئۇ ئەنە شۇنداق نادامەت ئىچىدە كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا ياندى.

تۈن تېزلىك بىلەن قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى يايدى.

ئەتە جۈمە، بازار كۈنى. قەشقەر شەھىرىگە يېقىن ئەتراپتىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بۈگۈن ئالاھىدە ئالدىراش ئىدى.

سادىقنىڭ دادىسى سايىتاخۇن چىراغ يورۇقىدا ئەتە بازارغا ئېلىپ بارىدىغان ئۆتۈكنى ئالدىراش تىكىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئۆي ئىشلىرى ۋە ئەتە ئېرى بازارغا ئېلىپ بارىدىغان لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاش بىلەن ھەلەك ئىدى. سادىق ئىچى پۇشۇق ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن بۇرۇنلا قايتىپلىغۇ، بالام؟ — ئايخان
ئاسماندا قاراپ قويدى.
سادىق لام-جىم دېمەي ئاش ئىچمەستىلا قوپ-
دى-دە، ھېلىقى تۈزۈكلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىچكەر-
كى ئۆيگە كىرىپ قارا چىراغنى ياندۇردى ۋە قولىغا
كىتاب ئالدى. بىراق مۇڭ ۋە قايغۇ ئۇنى چىرمىۋالغا-
نىدى. كىتابتىكى خەتلەر ئۇنىڭ كۆزىگە كىرمەيتتى.
ئۇ كىتابنى قويۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ، بېرىپ ئىشىكنى
ھەم ياپتى-دە، ئۆي ئىچىدە ئالدى-كەينىگە ماڭدى.
ئاسمان تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى، ئۆي ئىچى بۇرۇق-
تۇم ئىدى. تاشقارقى ئۆيدىكى غۇۋا چىراغ نۇرى كەچ-
كى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.
كوۋىنىڭ «توك، توك، توك» قىلغان ئاۋازى سايىناخۇن-
نىڭ جىددىي ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
ئايخان گويا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش
باردەك، كەچلىك تاماققا تەييارلىغان قاچا-قۇچىلارنى
قويۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بەڭگىل دەسسەپ ئىچكەركى
ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلدى، قىسلاچىنىن ئۆي ئىچىگە
بىر پەس زەن سالدى. ئۇ سادىقنىڭ بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ، كۆڭۈلسىزلا ئالدى-كەينىگە مېڭىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا:
— بالا بەكلا خاپا كۆرۈنىدۇ، — دېدى.
— بەلكىم تاۋى يوقتۇ، — دېدى سايىناخۇن ئاستاغىنا.
شۇ چاغ ئۆي ئىچىدىن غەملىك خورسىنىش ئاڭ-
لاندى. ئايخان يەنە ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېلىپ ئىچكىرىگە قارىدى. سادىق كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ، پات ـ پات خورسىنىپ جىمىدە ياتاتتى. ئايشىخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، سايىتاخۇنغا:

— بەلكىم بۇ كۆيۈك بولسا كېرەك، — دېدى ئاستا.

سايىتاخۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، چېكە چېچىغا بىگىز سۇركەۋاتقان قولىنى چۈشۈرۈپ باش چايقىدى ـ دە، ئەتىلىك بازارغا ئۈلگۈرتىدىغان ئۆتۈكنى تىكىشكە تۇتۇش قىلدى.

## 4. مەشرەپتە

شەنبە — بازار كۈنىنىڭ ئەتىسى قىزىلدۆۋىلىكلەر-
نىڭ ئادىتى بويىچە ئادەتتىكى دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.
بۇ يەردىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئالدىراش ئىشلار-
دىن قول ئۈزۈپ، ئويۇن - تاماشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋا-
تاتتى. كوچىلار گويا ھېيت - ئايەملەردىكىدەك پاك-پا-
كىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلغانىدى. مەسچىتلەرنىڭ ئىچى،
ئىشىك - دېرىزىلىرىمۇ يالىغاندەك پاكىز تازىلانغانىدى.
يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ چىرايىدا شادلىق چىل-
ۋىلەتتى، ئۇلار تۆنۈگۈنكى سودا- سېتىقلىرى توغرۇلۇق
پاراڭلىشاتتى. قىز - چوكانلار خۇددى رەڭدار كېپىنەك-
لەردەك ياسانغان بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇياق - بۇ-
ياققا مېڭىشاتتى، بەزىلىرى يېقىنلا جايدىكى باغچىغا
كىرىپ كۆڭۈل ئاچسا، بەزىلىرى ئاداشلىرىنى يوقلىشاتتى.

بۈگۈنكى كۈن شاد - خۇراملىقا، كۆڭۈل ئازادىلى-
كىگە چۆمگەنىدى. ئەمما، ئۇرمۇش كىرىمنى قولدىن
بېرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلار مۇشۇ دەم ئېلىشنىڭ
ئوبدان كۈنىدىمۇ يەنىلا ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك
ئىدى.

ئۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ كەڭ ھويلىلىرىدا — ئاپتاپلىقتا
ئولتۇرغان ئايالار كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلى-

رى چاق ئىگىلەۋاتاتتى، بەزىلىرى ئەتىيازلىق كىيىم تىكىۋاتاتتى، بەزىلىرى چىگە تېشىۋاتاتتى، يەنە بىرلىرى كېۋەز چىقىرىۋاتاتتى. موزدوزلارنىڭ شاگىرتلىرى يىپ موملاۋاتاتتى، بەزىلەر تۈنۈگۈن بازاردىن سېتىۋالغان ئاتلىرىنى مىنىپ، چاپتۇرۇپ كۆرۈۋاتاتتى، ئۇلار ئاتنىڭ رەڭگى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى، ئاتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ چىشىنى كۆرۈشەتتى. دېھقانلار تۈنۈگۈن سېتىۋالغان تۇياقلىرىنى يېتىلەپ چىقىپ، خۇشاللىق بىلەن ئەرزان-قىممەتلىكى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. باي ئائىلىلەرنىڭ خېنىملىرىمۇ يېڭىلىق باھار شامىلىدىن ھوزۇرلىنىپ ئىشىك ئالدىلىرىدا ئولتۇرۇشاتتى، خىزمەتكارلار ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارىشاتتى. مانا مۇشۇنداق بىر خىل ئازادە ۋە شادىيانە كەيپىيات پۈتكۈل قىزىلدۆۋە بازىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

كۈن چۈشتىن سەللا قايرىلاي دېگەندە، مەسچىتنىڭ مۇناردىن ناماز پېشىنغا ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى. ئاياللار ئۆزلىرىنى تۈزەشتى، ئەرلەر ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇدا تەرەت ئېلىشىپ، توپ-توپ بولۇپ مەسچىتكە يۈرۈشتى.

ئۈجمىلىكنىڭ ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىدىكى دەرەخ تۈۋىدە تېتىك ۋە روھلۇق بىر يىگىت پۇتىنى ئالماش تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بېلىنى تىرەپ، سول قولى بىلەن دەرەخكە تايىنىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى يومىلاق گۈللۈك قىزىل دوپپا، قارا كۆك چاپان، قارا كۆڭلەك بىر-بىرىگە ئوبدانلا ماس كەلگەچكە، ئۇنى

ئىخچامۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە جىمىمدە زەن سالاتتى. بولۇپمۇ قىزلارغا ئالاھىدە دىققەت بىلەن كۆز تىكەتتى. ئۇنىڭغا مەسىلىكى كەلگەن ياش چوكانلار چۈمپەردىسىنى سەل قايرىپ، تازا بىر قاراۋالاتتى. جۇۋانلار بولسا ئوچۇقلا ئۇ ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتى:

— ئۇچۇۇ سايىتاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلى، قارىسىلا، نېمىدېگەن كېلىشكەن يىگىت!

— شۇنى دېسىلە، ياش ھەم چىرايلىق، چىرايىدا يىگىتلىكى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

— مېھرىبىچۇ، خۇددى دادىسىدەكلا ئوخشايدۇ، جىمغۇر، ئەمما قەيسەر.

ئەمما بۇ ئورۇنلۇق ماختاشلار زادىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

بىر پەستىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر يىگىت كەلدى - دە، ئىككى چامدامچە نېرىدا توختاپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— سالام، سادىق ئەپەندى!

— ھە! — خىيالغا پاتقان سادىق چۆچۈپ، قايرىلىپ قارىدى ۋە ئۆزىگە ئېگىلىپ سالام بېرىۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ ئالدىراپقىنا جاۋاب قايتۇردى. — ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رۇسۇل ئەپەندى!

— بۈگۈن يۈزۈڭ ياسىنىۋاپسەنغۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — سادىق باش لىڭشىتتى.

شۇچاغ ئاتمىش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر بوۋاي ئاستا يېتىپ كەلدى. بۇ ئادەمنى كىشىلەر مەھەممەت

ئاكا دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئا[illegible] بار[illegible] قىزىقـ
چىسى بولۇپ، تويى - تۆكۈن، مەشرەپ - تو[illegible]
ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى. ئۇ دوپپىسىنى يانتۇراق كىيگەن
هالدا، سول قولى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ تۇراتتى.
مەھەممەت ئاكا رۇسۇل بىلەن سادىقنى كۆرۈپ، هەيران
قالغان قىياپەتتە:

— پاھ... پاھ، بۈگۈن كۈن نېمانچە پەيزى، ئۇچـ
مىلىك نېمانچە چىرايلىق بولۇپ كەتتىكىن دېسەم، بۇ
پەيزىلىك بىلەن چىرايلىقلىقنى سادىق ئەپەندى ئاتا
قىلغانىكەن - دە! قاراڭلار، ئۇنىڭ دەسسەپ تۇرغان
يېرىگە شۇنچە ياراشقىنىغا! يېڭىدا قىزىلگۈل، يېشىل
يوپۇرماقلار، يەنە تېخى كېپىنەكتەك ئۇماق قىزلار،
ھا... ھا... ھا... كىممۇ بىزنىڭ بۇ يۇرتنى يامان دېيەـ
لىسۇن؟! — دېدى.

مەھەممەت ئاكا گېپىنى تۈگىتىپلا ئالدىراپ كېتىپ
قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ماختاشلىرى سادىقنى خىجىل قىلىپ
قويدى. سادىق بېشىنى ئېگىپ، پۈتى بىلەن يەرنى
سىجايتتى.

— بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بارامسەن؟ — رۇسۇل ئۇنى
ئوسال ھالەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك ئېغىز ئاچتى.

— مەن... مەن بارمىسامميكىن، — دېدى سادىق
دۇدۇقلاپ.

— نېمە دەپ ئەمدى؟

— ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

— بۈگۈن شەنبىغۇ، يەنە نېمە ئىش بولسۇن؟ قارىـ

سام، سەل دەردىڭ باردەك، بېرىپ ئويناپ كەل!

— ماقۇل، — دېدى سادىق سەل تۇرۇۋېلىپ ۋە گويا چوغقا دەسسەپ سالغاندەك، چۆچۈپ سورىدى، — كەچتە قادىرمۇ بارامدۇ؟

— بە... بەلكىم بارار ياكى بارماس، — دېدى رۇسۇل ھەيرانلىق بىلەن، — ئۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ھە... شۇنداقلا سورىغۇم كەلدى.

— ئۇنداقتا بارغىن، — رۇسۇل كەسكىنلا دېدى، — يۈرگىن ئەمسە، بىللە ماڭايلى.

رۇسۇلنىڭ ئۆيىدە بۈگۈن مەشرەپ بارئىدى. ئۇلار ھېچقانچە ھايال قىلمايلا رۇسۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

رۇسۇل ئائىلىسىنى بىر باغچە دېيىشكە بولاتتى. ئۆي ئەتراپى بۈك-كىدە دەرەخلىك بولۇپ، بىر ئېرىق سۇمۇ ئۆي يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ئىشىك تۈۋىگە كېلەر-كەلمەيلا ئۆي ئىچىدىن داپ بىلەن دۇتارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

سادىق رۇسۇلغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرنەچچە شام يېقىلغانىدى، مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولغانىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى قىيسايغانىدى، بەزىلىرى بولسا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، يەنە بەزىلەر پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى، بەزىلەر ساز چېلىۋاتاتتى. سادىق ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن بوش ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى، ئۇ ئەتراپقا قارىدى، قادىر يوق ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى.

بىر پەستىن كېيىن تاماق كەلتۈرۈلدى. كەمپىدىن -
لەن قوللىرىنى چايقاپ، رۇسلىنىپ ئولتۇرۇشتى. بىرىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا يېيىپ‌ئى داستىخان سېلىنىپ، ئالدىغا [illegible]
شورپا، ئارقىدىن گۆش، ئاخىرىدا پولۇ كەلتۈرۈلدى.
بولار ھايت-ھۆيت دېگۈچىلا، گويا شامال پارچە-
بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كەتكەندەك، قورساقلارغا كىرىپ كەت-
تى. كۆپچىلىك قوللىرىنى يۇيۇپ، دۇئا قىلدى. ساز
باشلاندى.

بىرەيلەن دۇتار، بىرەيلەن داپ چالدى. «پەنجىگاھ»
مۇقامى ئۆينى چاڭ كەلتۈردى. ئارقىدىن ئېيتىشىش
باشلاندى. مۇزىكا بارغانچە جىددىيلەشتى، كۆپچىلىك
ئۆزلىرىنى باسالماي، سازغا جور بولۇپ، ناخشا توۋلاشتى.

رۇسۇل ساھىبخان بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇسسۇل-
غا چۈشتى. ئارقىدىن مېھمانلارمۇ بىر-بىرلەپ چۈشتى،
ئۇسسۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك تازا قىزىغان
چاغدا، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئارقىدىنلا يوغان قورساق، بويچە پاكار، سامان تىققان
تاغارغا ئوخشايدىغان، يۈز-كۆزىنى ساقال باسقان،
چىشلىرى ئوڭغۇل-دوڭغۇل بىرەيلەن ئىككى كىشىنى
ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

بۇ سامان قورساق ئۆيگە كىرىپلا قامچىسىنى بىلى-
گە قىستۇرۇپ، چاۋاك چالغىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەت-
تى. بىر ئەچچەيلەن ئۇنى كۆرۈپ:

— قادىر ئەپەندىم، كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى.
سادىق بولسا قاسساپنىڭ قولىغا چۈشكەن پاقلاندەك



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېپىرلاپ قالدى. ئۇ قادىرغا قاراپ قويۇپ، ئۇسسۇلچى-
لار تۈپىدىن چىقىپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تۇردى.
ئىشىك تۈۋىدە، قادىرغا ئەگىشىپ كىرگەن ئىككى خىز-
مەتكار ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى. سادىق كۆزلىرى
چەكچىيىپ كەتكەن بۇ ئىككى ئەبلەخنى كۆرۈپ، ئىخ-
تىيارسىزلا كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى.

— ھە، سادىق ئەپەندى، سىزمۇ بۇ يەردىكەنسىز-
دە؟ — دېدى قادىر ئۇنىڭغا قارچىغىدەك تىكىلىپ،
ھاكاۋۇرلارچە، — كېلىڭلار، كېلىڭلار، بىللە ئۇسسۇل
ئوينايمىز.

قادىر زورلىغاندەك ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئۇسسۇل ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن بىر پەس ئارام
ئېلىشتى. يەنە پولو كەلتۈرۈلدى. تاماق يېيىلىپ بول-
غاندا، تۈن نىسپى بولغانىدى. تۇساتتىن قىزىقچى مەھەم-
مەت ئاكا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام، ياخشىلار، كەيپىڭلار چاغ بولسۇن.

مەھەممەت ئاكا شۇنداق دېگىنىچە بىر قولى بىلەن
بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىپ، بىر قولى بىلەن يانچۇقىدىن
بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ تۇماققا سالدى-دە، كۆپچىلىك-
كە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بۇ قەغەزلەرگە ھەرخىل سۆزلەر يېزىلغان، قېنى
بىرەردىن ئېلىپ تەلەي سىناپ كۆرۈڭلار، شەرت شۇكى،
قەغەزگە نېمە يېزىلغان بولسا، شۇنى ئورۇندايسىلەر، —
دېدى.

ھەممەيلەن بۇ قىزىقچىغا ئامراق ئىدى. شۇڭا

غىلىق ـ پىلىق قىلىشماي چەك ئېلىشتى.

بەزىلەر چەكتە يېزىلغىنى بويىچە ئىتنىڭ قاۋىشىنى، مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىنى، قوينىڭ مەرىشىنى دورى-قىرىشقاندەك، سادىققا «ئات بولۇپ ئۆمىلەش» دېگەن چەك چىقىپ قالدى. ئۇ ئامالسىز ئات بولۇپ ئۆمىلىدى.

ئويلىمىغاندا قادىر بىلىدىن قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتقا مىنگەندەك، سادىققا مىنىۋالدى. كۆپچىلىك كۈلۈپ كەتتى. بىراق تاغدەك ئېغىر سامان قورساقنى كۆتۈرۈپ مېڭىش سادىققا تازا جاپا بولدى.

مەھەممەت ئاكىنىڭ ئىككىنچى ئويۇنى باشلاندى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ:

— ئەمدى جۈپ، تاق سان تاپىمىز، توغرا تاپقانلارغا ھېچ گەپ يوق، تاپالمىغانلارنىڭ سۈرىتىنى تارتىمىز، — دېدى.

ئۇ تۈنجى رەت تەڭگە تۇتقان قولىنى قادىرغا سوزدى. قادىر تاق، دېدى، ئەمما تەڭگە جۈپ ئىدى. كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلدى.

— مەن بۇ ئويۇننى ئوينىمايمەن، — دېدى قادىر بىشەملىك قىلىپ.

— بىشەملىك، چىدىماسلىق قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىراشتى ھەممەيلەن.

قادىرغا ئىلاج بولمىدى. ئۇ چاپان، كۆڭلىكىنى سېلىپ، ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كېرىپ، كۆكرىكىنى تامغا يېقىپ تۇردى. كۆپچىلىك ئېغىزلىرىدا سوغۇق سۇ ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ پۈركىدى. بىردەملا ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۇستىبېشى سۇغا چۈشكەن توخۇدەك، چىلىق-چىلىق سۇ
بولۇپ كەتتى. ئامما بىر پاكار سامان قورساقنىڭ سۈرى-
تى ئارتىلدى. گەرچە سۈرەتنىڭ ئاغزى، بۇرنى، كۆزى،
قاشلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما بىرلا قارىغان ئادەم ئۇنىڭ
سامان قورساق قادىر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. سۈرەت
تارتىش ئويۇنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك سا-
دىقنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. سادىق
ھەر قانچە تارتىنسىمۇ ئىلاج بولمىدى. ئاقىۋەت ئۇ بىر
بايۋەچچىنىڭ يوقسۇلنى قانداق بوزەك قىلغانلىقى ھەق-
قىدىكى ھېكايىنى سۆزلىدى. بۇ ھېكايە «قىزىم ساڭا
ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ئەينى زامان-
دىكى سىياسىي ئىستىلغا قارىتىلغانىدى. ئەمما قادىر
باشقىچە چۈشەندى، ئۇ سادىق ھېكايە سۆزلىگەن بولۇپ
مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، كىشىلەر زوقمەن-
لىك بىلەن ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندا سادىققا ھۇجۇم قىلدى:

— ئاغىنىلەر، بولدى، ھېكايە ئاڭلىمايلى، بۇ يەر
مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەدداھخانا ئەمەسقۇ، ۋاقتىمىزنى
مەدداھنىڭ قۇرۇق سۆزىگە زايە قىلمايلى.

قادىرنىڭ سۆزى ئولتۇرۇشقا سوغۇق سۇ سەپتى،
ھەممەيلەن نارازى بولدى، بولۇپمۇ قادىرنىڭ سۆزىنى
بەكلا ھار ئالغان مەھەممەت ئاكا قىزىقچىلىققا يۆلەپ
تۇرۇپ سادىقنىڭ ئەتتىنى ئېلىپ بەردى:

— راست، قادىر ئەپەندىم توغرا ئېيتىدۇ، مەش-
رەپتە ھېكايە ئاڭلاپ نېمە كەپتۇ؟ بولدى، قادىر ئەپەن-
دىم ئويۇن كۆرسەتسۇن. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك يېقىملىق،

خۇددى تۇگمەنچىنىڭ بۇرغىسىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق، مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تۆۋەندىكىلەر تىلىنىپ قالغۇدەك كۈلۈشتى. قادىر ئاچچىقىدا يۈزلىرى ... شالماي، يا تىللىشالماي، قورسىقىنى دومبايتىپ، ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى خىزمەتكارىغا ۋارقىرىدى:

— ئۆمەر، ناس ئەپكەل، ناس!

ئۆمەر خوجايىنىنىڭ ئورنىدا چاشقاننىڭكىدەك كۆز-لىرىنى ئالايتىپ، سادىق ۋە مەھەممەت ئاكىغا قاراپ گۈلەيدى-دە، بېلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان ناس قاپىقىدىن بىر چېكىم ناسۋال ئېلىپ قادىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قادىر ناسۋالنى ئېلىپ تىلىنىڭ تېگىگە سالدى-دە، غادىيىپ، دىمىغىنى قاقىقىنىچە چوك-چوك قەدەم تاشلاپ سىرتقا ماڭدى. ھېلىقى ئىككى يالاقچىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ چىقىپ كەتتى.

ئىشىك ئالدىدا بىردەم دۈپۈرلەش بولدى، بارا-بارا بۇ ئاۋاز يىراقلاپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## 5. يۇرەك ئاغرىقى

بەشىنچى ئايدا ئاللا زېمىننى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى، ئاسمان سۈزۈك، كۆپكۆك ئىدى، بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. خۇددى يېڭى كېلىندەك رەڭ تۈزىگەن گۈل - چېچەكلەر شاخلاردا غۇچچىدە ئىدى. داڭلىق ياۋا ئەتىرگۈللەر ئىسپاردەك خۇش ھىدى بىلەن شامال ۋە كېپىنەكلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. سېغىزخانلار شاخلار ئارىسىدا، گويا ئاللادىن باھار - كۆكلەمنى ئېلىپ كەتمەسلىكنى تىلىگەندەك تىنماي سايرىشاتتى.

توختى رەشىدتىمۇ رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلدى. بۇ يەردىن دەريانى بويلاپ شىمالغا بىر چاقىرىمچە ماڭغان كىشى پايناپ دېگەن جايغا باراتتى. قارشى قىرغاق پاختەكلى ئىدى. بۇ ئىككى جاينى يەتتە چاقىرىملىق دەرياغا سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈك تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. پايناپتا دەريا بويىدىكى چىمەنلىككە سېلىنغان چىرايلىق بىر ئۆي بار ئىدى، ئاملىرى ئاپئاق، تۈۋرۈكلىرى كۆك سىرلانغان بۇ ئۆي تەنتەللا پاياندازدەك گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئالدى كۆل ۋە دەل - دەرەخلىك، شەرق تەرىپى مېۋىلىك باغ بولۇپ، غەربى پاكار قورۇق

www.uyghurkitap.com

تام ئىدى. تامدىن ئارتىلىپ قارىغاندا يەتتە چاقىرىملىق دەريانىڭ دولقۇنلاپ ئېقىشىنى ۋە پ[illegible]ىكى قاتار-قاتار ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ قەدىمچە سېلىنغان چىرايلىق ئۆي ئاتاقلىق قايىت باينىڭ ئىدى.

قايىت باي مۇشۇ باغ ۋە ئۆيى بىلەن باي ئاتىلاتتى. بىراق ئۇ بەكمۇ پېخسىق ئىدى. كىشىلەر بۇ باغ بىلەن ئۆينى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، كۆز ئالدىدا ئۇچىغا چىققان پېخسىقنىڭ سىمۋولى ۋە تىپى نامايان بولاتتى.

بۇ ئۆينىڭ غەرب تەرىپىتىكى بىر ئېغىزى گويا پەرىزات ئۇردىسىدەك ياسالغانىدى. بىز ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاش پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ دەھلىزگە كىرىپ، غەربكە بۇرۇلۇپ ماڭساق ئەنە شۇ ئۆيگە كىرىمىز. ئالدى بىلەن كۆزىمىز ئۇدۇل تامدىكى ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان چوڭ گىلەمگە چۈشىدۇ. ئۆيگە زەدىۋال ئورنىدا ھىندىستاننىڭ داڭلىق چوڭ يوپۇرماقلىق، نەخسە گۈللۈك قەغەزى يېپىشتۇرۇلغان، تامغا ئاق قاپارتما نەقىشلىك ئۈچ تەكچە چىقىرىلغان، ھەتتا بۇ ئۆينىڭ ئوچاق-مورىسىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ياسالغانىدى. ئۆينىڭ ھاراقلىرىغا قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلىپ، يېشىل سىرلانغانىدى. ئىككى تەكچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان، موسكۋادا ئىشلەنگەن قاپارتما گۈللۈك مىس پەتنۇسىمۇ ئۆيگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقانىدى. ئۆينىڭ گۈللۈككە قارايدىغان تېمىغا ئورنىتىلغان ئەينەكلىك دېرىزىلىرىگە

شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك دۇردۇن پەردىلەر تارتىلغان-
دى. ئەپسۇس، كۆركەم ئىشلەنگەن كارىۋاتقا قارىسىغا
گۈل كەشتىلەنگەن قىزىل دۇخاۋا كۆرپە سېلىنغانىدى.
كارىۋاتتا ئەت رەڭ ئەدىيالغا پۈركىنىپ بىرەيلەن ياتات-
تى. ئۇنىڭ قاپقارا بوستاندەك چاچلىرى كۆكسىدە يېيىـ
لىپ تۇراتتى. يېشىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىنغان
بىر قولى بىلەن قاشتېشىدەك يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.
كارىۋاتتىكى كىشى شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسا
كېرەك، ئۆي ئىچى چىۋىن ئۇچسا بىلىنگۈدەك جىمجىت
ئىدى.
يەتتە چاقىرىملىق دەريانىڭ يىلىلىق شامىلى غەربىي
جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، خۇددى مۇھەببەت
ئوغرىسىدەك هويلىغا، ئاندىن دېرىزە ئارقىلىق ئۆيگە
كىردى-دە، كارىۋاتتىكى قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى
سىلاپ، يۇمران قولى ۋە يۈزىگە سۆيۈۋالدى.
شۇ چاغ سىرتتىن قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى،
ئاق زوماللىق، ئېگىز بويى بىر ئايال ئاستاغىنا ئۆيگە
كىرىپ كەلدى. ئۇ كارىۋات قېشىدا توختاپ ئەتراپقا
ۋە كارىۋاتتىكى قىزغا زەن سالدى. گويا ھېقىق-كەھ-
رىۋالارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئاق قاشتېشىدەك
ياتقان قىز تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇ بۇ گۈزەللىكتىن
مەستخۇش بولۇپ، تەبەسسۇم ئەيلىگىنىچە مېھرىبانلىق
بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى توسۇپ تۇرغان قولىنى ئاستاغىنا
چۈشۈرىۋەتتى، ئاندىن قىزنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ
تۇرۇپ:

— رەناخان، رەناخان، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى.

كارىۋاتتا ياتقان قىز «ۋۇي...» دېگىنىچە ئەگىلگىنە ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك چىرايىدا ئازراق ... قاپقارا ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ ئۇيقۇلۇق كۆزى يېنىدىكى كىشىگە شۇنداقلا بىر تاشلاندى. يەنە تال-تال ئەگىم كىرپىكلەر ئارىسىغا غايىب بولدى. قىز بوشقىنا:

— ئانا، — دېدى.

— رەناخان، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ قىزىم؟

— ھە، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ئانا.

رەناخاننىڭ قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ، ئاپئاق سەدەپتەك چىشلىرى ئارىسىدىن ئاشۇ بىر ئېغىز سۆز ناھايىتى ئەستە چىقتى.

رەناخان قايىتباينىڭ قىزى، ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ ئانىسى، قايىتباينىڭ ئايالى، ئىسمى ھەرىيەمخان ئىدى. ئۇ قىزىدا بىردەم قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن:

— قىزىم، سەل سىقىلغاندەك بولساڭ گۈللۈككە چىقىپ ھاۋا يەپ كىرگىن، — دېدى.

رەناخان ئانىسىنىڭ سۆزىنى يىرىمىدى، ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئۈستىدىكى ئەدىيالنى چەتكە قايرىۋانىدا، شىلدىرلاپ تۇرغان نېپىز يىپەك ئىچ كۆڭلەك ئىچىدىكى ئالمىدەك كۆكسى لىغىرلاپ كەتتى. ئۇ يەڭگاغا چۈشۈپ بېلىنى رۇسلىدى. بوينىدىكى مارجان، قولىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئۇنى بەئەينى ھۆر قىزغا ئايلاندۇرغانىدى.



www.uyghurkitap.com

— ئۇ ئانىسىنىڭ مېھرىلىك بېقىشى ئاستىدا، ئۆيدىن چىقىپ گۈللۈككە قاراپ ماڭدى.

گۈللۈكتىكى ھەددى - ھېسابى يوق رەڭدار گۈللەر ئۇنى ئۆز باغرىغا ئالدى. رەناخان ياۋا ئەتىرگۈللۈكتىن بىر تال ئەمدىلا پورەك بولغان ئەتىرگۈل غۇنچىسىنى ئۈزۈپ زوقمەنلىك بىلەن پۇرىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ مەڭزىدە تەبەسسۇم كۈلكىسى جىلۋىلەندى، خېلى ئۇزۇندىن ئېچىلمىغان قاپىقى سەل ئېچىلدى. ئۇ ئاستاغىنا گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل تۈۋىگە باردى - دە، سەل ئېگىلىپ، قولىدىكى غۇنچىنى سۇ ئۈستىگە تۇتۇپ، ئۇنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە، ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە بىر دەم قارىدى - دە:

— ھەي، باھارنىڭ ۋاقتى ئاز قاپتۇ - دە! — دەپ ئىختىيارسىز خورسىندى.

ئۇ گويا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە، كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا ئاچچىقى كەلگەندەك، قولىدىكى غۇنچە بىلەن سۇنى چالغىتتى. شۇ ھامان كۆل يۈزىدە مەيىن جىمىرلاش كۆتۈرۈلدى. ئۇ قولىدىكى غۇنچىنى سۇدىن ئېلىپ، ئۇنىڭدىن تامچىلاۋاتقان سۇ تامچىلىرىغا قارىدى. ئۇ بىردەملىككە بولسىمۇ مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى ۋە ھەددى - ھېسابسىز جىمىرلاش ئىچىدە خۇددى ئەينەكتىكى قاشتاش كۆلەڭگىسىدەك غايىب بولدى.

كۆلدىكى نېلۇپەر يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بىر جۈپ ئاق قۇ خېلىدىن بېرى بۇ كىچىك خوجايىنىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسېلىپ تۇرغانىدى. ئۇلار

گويا بۇ قىزنىڭ ئاشكارىلاپ بولالمىغان دەردلىرىگە ھېسداشلىق قىلغاندەك، سۇدىكى كۆلەڭگىنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەپسۇسلانغاندەك، بەئەينى كۆك ئاسـ-ماندىكى بىر جۈپ ئاق بۇلۇتتەك، رەناخاننىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كەلدى.

رەناخان ئاق قۇلارنىڭ قاردەك ئاپئاق پەيلىرىنى بىر پەس سىيلاپ، گويا ئېسىل بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى گۈزەل كۆل بويىدىن يىراقلىشىپ، ئاستاغىنا گۈللۈكنىڭ غەربىدىكى پاكار قورۇق تام تەرەپكە كەتتى. ئۇ سۈنئىي تاغقا يۆلىنىپ، خىيالغا پاتقان ھالدا پاختەكلى تەرەپكە قارىدى. شۇ چاغدا رەناخاننىڭ ئايال خىزمەتكارى ھاشىمخان بىر پىيالە سۈتنى كۆتۈرۈپ، رەناخاننى ئىزدەپ گۈللۈككە چىقتى. ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ رەناخاننى ئۇچرىتالماي، پاكار قورۇق تام تەرەپكە قارىدى، ئۇ يەردە رەناخاننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. رەناخان قانداقتۇر بىر خىل ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، سۈنئىي تاغ تۈۋىدىكى چىمەنلىكتە ئولتۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا ھاشىمخان يىراقتىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا گۈللەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان باغۋەندىن سورىدى:

— تىلەك، ھوي تىلەك، خېنىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— سۈنئىي تاغ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئوخشايدۇ، بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ، — دېدى باغۋەن.

ھاشىمخان سۈتنى كۆتۈرۈپ سۈنئىي تاغ تۈۋىگە كەلدى. رەناخان چىمەنلىكتە روھى چۈشكۈن ھالدا ئول-

تۇراتتى. ھاشىخان سۈتنى رەناخانغا ئىككى قوللاپ تۇزاتتى. رەناخان سۈتنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، باغنىڭ سىرتىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاشىخان بوش پىيالىنى ئېلىپ ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تىلەكنىڭ سول پۇتى ئاقساق ئىدى. ئۇ جېدەللەپ گۈل - گىياھلارنى قىرقىۋاتاتتى. ئۇ دۈپۈرلەشنى ئاڭلاپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى قويدى - دە، دىڭگوسلاپ بېرىپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— نېمىشقا ئىشىكنى تېز ئاچمايسەن؟ نېمىگە مۇنچە لايغەزەللىك قىلىسەن؟ — دېدى ئىشىك ئالدىدا كېلىشكەن چىلان توروقتىن چۈشكەن ئادەم قوپاللىق بىلەن.

تىلەك قورۇنۇپقىنا ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئاتنى يېتىلەپ كىرىپ، باغدىكى تۇۋرۇككە باغلىدى. ھېلىقى ئادەم گۈس - گۈس دەسسەپ باغقا كىردى ۋە ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ تىلەكتىن سورىدى:

— خانقىز باغدىمۇ؟

— ھەئە، كۆلنىڭ غەربىدىكى سۇنىتىسى تاغ تۇۋىدە.

ھېلىقى ئادەم ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ، قامچىسىنى بەلبېغىغا قىستۇردى - دە، باغ ئىچىدىكى يول بىلەن ئەگىپ - ئايلىنىپ رەناخاننىڭ قېشىغا كەلدى.

— دادا، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى رەناخان.

— ھە، قايتىپ كەلدىم. بۈگۈن سەھەتلىكىڭ قانـ
داقراق؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم ۋە رەناخاننىڭ چېچىنى سىيلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— خېلى تۈزۈلۈپ قالدىم، — دېدى رەناخان يېڭىنىڭ ئۇچىدىكى كەشتىلەنگەن گۈلنى ئويناپ تۇرۇپ.

— يۈر، مەن بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپ كەت، بۇ باغقا تولا چىقما، ئۇقتۇڭمۇ؟

رەناخان دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

مانا بۇ ئادەم قايتىپ ئايى. ئۇنىڭ قويۇق ۋە توم قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. بۇ ئېگىز بويى ئادەمنىڭ يۈزىنى قاپقارا ساقال باسقان، ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى سەل كونىراپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بېشىدىكى قاما تۇماق ۋە بېلىدىكى چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن شايى بەلباغ، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان پىچاق، مىسۋاك، كۆزەينەك قاپچۇقى، ئاق لۆڭگە ۋە تارغاق خالتىسى قاتارلىقلارغا قاراپلا ئۇنىڭ بىر زەردار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

مەريەمخان ئېرى بىلەن قىزىنى بوسۇغىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، قايىمئايى بېلىدىكى قامچىسىنى ئېلىپ، كىشەك يېنىدىكى قوزۇققا ئېلىپ قويدى، شايى بەلبېغىنى يېشىپ تونىنى سېلىپ ھاشىخانىغا بەردى. ئاندىن قول ياغلىق چىقىرىپ جاۋغايلىرىنى سۈرتتى.

مەريەمخان كۆرپە سېلىپ، بىر ھاموۋق ياستۇقنى

تامغا تاقاپ قويدى. قايىتباي ئىرىنچەكلىك بىلەن رەناخاننى يېنىغا تارتىپ ئۆزى بىلەن تەڭ ئولتۇرغۇزدى.

— تاماق تەييارمۇ؟ — سورىدى قايىت كۆزەينەك تاقاۋېتىپ.

— مانا ھازىر، — دېدى مەريەمخان.

قايىت گويا ھەممە ئىشتىن نارازىدەك، ئىچىدە غودۇڭشىدى. ئىچ يانچۇقىدىن سوزۇنچاقراق بىر دەپتەرنى ئېلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھەر كۈنلۈك قەرزگە بېرىلگەن پۇللارنىڭ ئۇسۇمنى ھېسابلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەنە شۇ سان-سىپىرلاردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

# 6. چاقىرىلمىغان مېھمان

كىشىگە ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان دەرد- ئەلەم ۋە ئىچىدىن چىقىرىشمۇ قىيىن بولغان غەم- غۇسسە رەنا خاننى چىرمىۋالغانىدى.

ئۇنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتاتتى. كېسەل سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ھەسرەت، ئازابلىرىغا تەسەللىي ۋە ئاراملىق بېرەلمەيتتى.

رەناخانغا ئاز- تولا ئۈمىد ئاتا قىلالايدىغان بىردىن- بىر نەرسە گۈللۈكنىڭ يەتتە چاقىرىملىق دەريا تەرىپىدىكى چىمەنلىك ئىدى، شۇنداقلا ئۇنى تامامەن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنىمۇ يەنىلا ئاشۇ چىمەنلىك ئىدى.

رەناخاننىڭ بىئارامسىزلىقى، تاۋسىزلىقى ۋە كۆڭۈل بويى ئەلەملىك خورسىنىشلىرى قايىنتىباي ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەننى — خوجايىنلارنىمۇ، خىزمەتكارلارنىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەتكەنىدى. ھاشىمخاننىڭ تۆرقى تولىمۇ كۆلكىلىك ئايال ئىدى، ئۇنىڭ پاكار، سېمىز بوي- تۆرقى، ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرى، قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىدىغان، ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىغىلا ئوخشايدىغان ئاۋازى بۇرۇن رەنا خاننى تېلىققۇدەك كۈلدۈرەتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ قىزىق- قىزىق قىلىقلىرىمۇ رەناخاننىڭ چېھرىدە كۈلكە پەيدا قىلالمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى تارىيسى www.uyghurkitap.com

ئاسقاق باغۋەن تىلەكمۇ قىزىقچىلىق ئادەم ئىدى. ئۇمۇ باغ ئىچىدە كۆپ قېتىم ئاسقاق پۇتىنى سۆرەپ يۈرۈپ قىزىقچىلىق قىلىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى.

بۈگۈن رەناخان خىيالغا چۆكۈپ كارىۋاتتا ياتاتتى. دەل ئانىسى مەريەمخان ئۇنى ئاتالا ئىچكىن، دەپ بەزلەۋاتقاندا، تۇساتتىنلا ئۆيگە بىر موماي كىرىپ كەلدى. يەتمىش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى، چاچلىرى ئاقارغان بۇ موماي ئوڭ قولىدا ھاسىسىغا تايىنىپ، سول قولى بىلەن دۈمبىسىگە مۇشتلايتتى. ئۇ توختىماي يۆتىلەتتى. موماي ئادەمنىڭ ھۆ قىلغۇسى كەلگۈدەك سەت چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتۈپ، دوڭغاسلاپ رەناخاننىڭ خانىسىگە كىردى.

رەناخان قولىدىكى قوشۇق بىلەن چىنىدىكى ئاتالىنى قوچۇپ ئولتۇراتتى. بەدبەشرە جادۇگەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاتالىنى بىر قوشۇقمۇ ئىچكۈسى كەلمىدى.

— ۋۆي چولپانخاچا، سىلىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى مەريەمخان.

— رەناگۈلنىڭ شامىلى بولمامدۇ. مەن خېنىم قىزنى ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاڭلاپ، ئالايىتەن يوقلاپ كەلدىم، — دېدى موماي.

— رەھمەت سىلىگە، بىر دەم ئولتۇرسىلا ئەممە، — دېدى مەريەمخان.

موماي رەناخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىيلىدى، پېشانىسىگە سويدى ۋە:

— ۋىيەي، خېلىلا ئارتىلىپ قاپتۇ، راستىنلا سەل ئاۋۇ يوقكەن، — دېدى.

موماينىڭ چىرايى بەكمۇ سەت، قولى مۇزدەك ئىدى. رەناخان قورققاندەك قولىدىكى چىنىنى كارىۋات يېنىدىكى شىرەگە قويدى - دە، يېتىۋالدى.

— كۆڭلى بىر نەرسە ئارتمايدۇ، — دېدى مەريەمخان.

— ياھ، نېمىدېگەن ئوخشىغان ئاتىلا، نېمىشقا ئىچمەيلا، خان؟ — دېدى چولپانخان. ئۇنىڭ تويماس كۆزلىرى خۇددى ئۆلۈكنىڭ يۇمۇلمىغان كۆزلىرىدەك، شىرە ئۈستىدىكى ئاتىلىغا تىكىلگەنىدى.

— چولپانخاچا، ئازراق ئىچىپ باقمامىلا؟ — دېدى مەريەمخان ۋە ئاتىلا ئېلىپ كەل دېگەندەك، ھاشىمخانغا ئىشارە قىلدى.

— سىلەر ئەتكەن ئاتىلا بەكمۇ تەملىك، مەززىلىك، بىرنەچچە رەت ئىچكەنىدىم، تەمى ئاغزىمدىن زادىلا كەتمىدى، — جادۇگەر خوتۇن شۇنداق دېگىنىچە تۈزۈت قىلماستىنلا رەناخان قويۇپ قويغان ئاتىلىنى ئېلىپ، كالا سۇ ئىچكەندەكلا ئاچ قورسىقىغا ئۆكۈۋەتتى.

رەناخاننىڭ ھەم كۆڭلى ھەم ئاچچىقى كەلدى. بۇ راستىنلا قېلىن جادۇگەركەن، دەپ ئويلىدى.

چولپانخان ئەمدى ئۇزۇن تىلى بىلەن چىنىنى يالاۋاتاتتى. ھاشىمخان ئاشخانىدىن بىر چىنە ئاتىلا ئېلىپ كىرىپ چولپانخانغا تەڭلىدى.

— ۋىيەي، بولدى، بولدى، مەن بىر چىنە ئىچىۋەتتىم، بولدى، — دېدى چولپانخان. ئۇ ئاغزىدا شۇنداق

دېگىنى بىلەن ئاللىقاچان چىنىنى قولىغا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا ئاتىلىنى ئىچىشكە باشلىدى، — پاھ، پاھ، نېمىدېگەن مەززىلىك، نېمىدېگەن ئوخشىغان ئاتىلا بۇ! ئادەمنىڭ ئىچكەنسېرى ئىچكۈسى كېلىدۇ، — ئۇ ئاشۇ بىر ئوتلىغانچە، چىنىنى قۇرۇقداپ قويىدى.

ئۆيدىكى ئۈچەيلەن مەسخىرە نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. چولپانخان سەل ئىزا تارتقاندەك، چىنىنى ئىتتىكلا قويىدى - دە، گەپنى بۇراپ:

— قايىناخۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى.

— شەھەرگە كىرىپ كېتىۋىدى، — دېدى مەريەمخان.

چولپانخان كۆزىنى سەل يۇمۇپ رەناخانغا قارىغاندىن كېيىن:

— خېنىم، راستىنلا تاۋىلىرى يوقكەن، مەن تومۇرلىرىنى تۇتۇپ باقايمۇ؟ — دېدى.

بۇ قېرى جادۇگەر دەللاللىق بىلەن جان باقاتتى، ئەتىدىن - كەچكىچە ۋاتىلداپلا يۈرەتتى. شۇڭا رەناخاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن زادىلا خۇشى يوق ئىدى. بۈگۈن رەناخان ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئۈمىد باغلىغاندەك، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلماي، بىر قولىنى ئۇنىڭغا سوزدى.

چولپانخان قاقشال دەرەخنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىلىك، مۇزدەك سوغۇق قولى بىلەن رەناخاننىڭ بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاق ۋە ماھۇتتەك يۇمشاق قولىنى بىر پەس تۇتقاندىن كېيىن، بېشىنى يانتۇ قىلىپ، تۇساتتىنلا مەريەمخاندىن سىرلىق تۈردە سورىدى:

— خان قىز ئادەتتە قەيەردە كۆپرەك ئوينايدۇ؟

— باغنىڭ دەريا تەرىپىدىكى چىتىدىكتە.

— ھە، بىلدىم، بىلدىم، — دېدى قېرى دەللە بېشىنى چايقاپ، — خان قىزغا جىن چاپلىشىۋاپتۇ.

— ۋېيەي، نېمە دەيدىغانلا، — دېدى مەريەمخان دەرھاللا، — جىن چاپلىشىۋاپتۇ؟ بۇنىڭ بىرەر ئامالى بولارمۇ؟

— بار بولمامدىغان! ھەممىنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، ئەمدى خان قىز تېزلا ساقىيىدۇ، — دېدى قېرى دەللە كۆرەڭلىك بىلەن.

رەناخان بۇ قېرى جادۇگەر كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغانمىكىن، دەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقى چولپانخان بىلەن ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدە ئىدى.

— ئىسرىقدان ئەپكەلسىلە، — دېدى قېرى جادۇگەر مەريەمخانغا.

ھاشىمخان ھىندىستاننىڭ ئوتى يېنىۋاتقان كىچىك كىمىنە ئىسرىقداننى ئېلىپ كەلدى. قېرى جادۇگەر ئىسرىقداننى قولىغا ئېلىپ، رەناخاننىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ چۈشىنىپ بولماس سۆزلەر بىلەن كىملەرنىدۇر قارغايتتى. ئۇ مەريەمخاننىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندىن كېيىن:

— تېزرەك بېرىپ پېرىخۇن چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەناخاننىڭ ئىمانى مىڭ گەز ئۇچتى. قېرى جادۇگەرنىڭ يالغان-ياۋىداقلىرى ئۇنىڭ

غەزىپىنى قوزغىدى. شۇندىلا ئۇ جادۇگەرنىڭ بۇ ئۆيگە ئالدامچىلىق بىلەن بىرەر نەرسە ئۇندۇرگىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى.

مەريەمخان بىلەن قېرى جادۇگەر دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھاشىخان رەناخاننىڭ كونا كۆڭلىكىدىن بىرنى ئەپكىلىپ قېرى جادۇگەرگە بەردى.

دەل شۇ چاغدا، سىرتتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. تىلەك ئاقساق پۇتىنى سۆرىگىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە، ئايال خوجايىنىدىن سوراپمۇ تۇرماستىن، جادۇگەر خوتۇننىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ سىرتقا سۆرەپ ماڭدى ۋە:

— كۆزدىن يوقال قېرى دەللە! قايىت باي قايتىپ كەلدى، — دېدى.

قېرى جادۇگەر ھىلىقى كۆڭلەكنى پۇلاپلا قوينىغا تىقىپ، ئالاقزادە بولۇپ كۆزدىن يوقالدى.

# 7. پېرىخۇن

رەناخاننىڭ ئاچىسى ئايشەم قوغاندىكى بىر باي ئائىلىگە ياتلىق قىلىنغانىدى. ئۇ بۈگۈن سىڭلىسىنى ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى.

قايىت باي ئايشەمگە ئادەتتىكىچە قارايتتى، رەناخاننى بولسا، خۇددى كۆز قارىچۇقىدەك قەدىرلەيتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى رەناخاننىڭ ساقسىزلىقى تۈپەيلىدىن پۇچۇلىنىپلا يۈردى. ئۇ رەناخاننىڭ نېمىشقا ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېچىشنىمۇ بىلمەيتتى.

بىر كۈنى قايىتباي ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تارقاتقان قەرز پۇللىرىنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلاپ ئولتۇراتتى. مەريەمخان خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. ئايشەم ئانىسىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ لەگمەن خېمىرى يۇغۇرۇشىغا قاراپ تۇراتتى. رەناخان ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭ تەرىپىگە قويۇلغان ياسىداق كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۆي ئىچى مەسچىتتە ناماز ئوقۇلۇۋاتقان چاغدىكىدىنمۇ جىمجىت ئىدى. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن پادىچى بالا چالغان نەينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ يېقىملىق نەي ئاۋازى رەناخاننىڭ خامۇش كۆڭلىنى چېكىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا ئۆزگىچە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى ـ دە، ئىختىيارسىزلا خورسىندى. قايىتباي بۇ

خورسىنىشىنى ئاڭلاپ، ئېشىكنى ئىچىگە تارتىپ، كۆزەي-
نىكىنى سەل پەسلىتىپ رەناخانغا قارىدى. رەناخان ئۇنىڭ
جان تومۇرى ھەم پۈتۈن بايلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ دەر-
ھاللا ھېساب دەپتىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئورنىدىن
تۇردى-دە، رەناخاننىڭ قېشىغا كەلدى:

— قىزىم، تاۋىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاستاغىنا.

رەناخان كۆزىنى ئاچتى، قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدا
غەمكىن قارىچۇقلار كۆرۈندى. رەناخان باش چايقاپ،
روھسىز ھالەتتە جىم بولدى.

— مەن بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ ساڭا ئازراق نەر-
سە-كېرەك ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى قايىتباي رەنا-
خانغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — مەن
ساڭا ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن قاداق
ئېلىپ بېرەي، قانداق، ياقتۇرامسەن؟

— ياپىرىم، بۈگۈن كۈن قايسى تەرەپتىن چىققاندۇ، —
دېدى مەريەمخان ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — قىزىم، خۇ-
شاللىق بىلەن ماقۇل دە.

رەناخان تولىمۇ خىجىل بولدى، ئەمما بەرىبىر باش
لىڭشىتتى، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

ئۇچەيلەن رەناخاننىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ
خۇشاللاندى. ئايشەم دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە،
ئەركىلەپ:

— دادا، مېنىڭمۇ ھېچلا تاۋىم يوق. ماڭىمۇ ئالتۇن
جابدۇق ئېلىپ بېرىڭا! — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ساددا، كۈلكىلىك ئىدى،

www.uyghurkitap.com

رەناخان قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

قايىمتباينىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، تېخىمۇ كۆركەم بولسۇن ئۈچۈن ئايشەمگە:

— سېنىڭمۇ تاۋۇلۇڭ يوقمۇ، قىزىم؟ ساڭا ئاناڭ ئامراق، ئۇ ساڭا لەغمەن خېمىرىدە بىلەزۈك قىلىپ بەرسۇن، مېنىڭ سەن بىلەن خۇشۇم يوق، مەن رەناخاننىلا ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئۆي يەنە كۈلكىگە تولدى.

قايىمتباي مانا شۇنداق شادلىق ئىلكىدە شەھەرگە ماڭماقچى بولدى. ئايشەم ئۇنىڭغا تونىنى كىيگۈزۈپ قويدى. قايىمتباي قوزۇقتىكى قامچىسىنى، قاماق تۇمىقىنى ئېلىپ قايرىلىپ:

— خاتىرجەم ئارام ئالغىن، مەن بايا دېگەنلىرىمنى ئەكېلەي، — دېدى رەناخانغا.

بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ ئۆيدىن قوشنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار پولۇ، مانتۇ، پەرمۇدە... دېگەندەكلەر بىلەن داستىخان قىلىپ، رەناخاننى يوقلاپ تۇردى. قايىمتبايمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مېھمان چاقىرىپ نەزىر قىلدى. مانا شۇ نەزىر كۈنى ئەزىز مېھمانلارنىڭ بىرى بولغان سالىبباينىڭ كۆزى رەناخاندىن نېرى بولمىدى، ئۇ پات-پاتلا قايىمتباينىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، رەناخاننىڭ غەم-غۇسسە، قايغۇ-ئەلەمى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى...

ئۆي ئىچى بىر پەسكە جىم بولدى. ئايشەم سىڭلى-

سىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماقچى بولغاندەك، ئاندىن سورىدى:

— سىڭلىمغا زادى نېمە بولدى؟ ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مەسۇملۇقى، شوخلۇقى، خۇش چاقچاقلىقىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

مەريەمخان قىزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇلۇشكۈن چولپانخاننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئايشەمگە سۆزلەپ بەردى. دەل شۇ چاغدا خېلىلا يىراقتىن قالايمىقان داپ ئاۋازى ئاڭلاندى. تىلەك دىڭگوسلاپ كىرىپ كەلدى-دە، مەريەمخانغا:

— ئۇلۇشكۈن چاقىرىپ قويغان پېرىخونلار كەلدى، — دېدى-دە، يەنە دىڭگوسلىغىنىچە دەرۋازىنى ئېچىش ئۈچۈن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئاق بەكتەكلىك پېرىخۇن باشچىلىقىدىكى تۆت پېرىخۇن قارغىش ياغدۇرۇپ، ئىما-ئىشارەتلەر قىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۈچ داپچى داپ چېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى ئەسەبىيلەشكەن ئادەملەردەك، بىردە داپلىرىنى ئاسمانغا ئاتسا، بىردە يۇقىرى-تۆۋەن ئويىنىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېقىن-يىراقتىكى كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. پېرىخۇنلار ئاخىر رەناخاننىڭ خانىسىگە كىرىپ، ئۇلۇغ-تەتۈر چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. مەريەمخان بىلەن ھاشىخان ئۇلارنى كۈتۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. يېقىن-يىراق نۇرغۇن قوشنىلار ئۆيگە كىرىپ، پېرى ئويناشنى

كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشاتتى.

رەناخان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە جىن چاپلاشمىغانلىقىنى بىلەتتى، كۆڭلىدە بولسا ئەقلىدىن ئازغان بۇ پېرىخونلارنى يۇزمىلىك تىللايتتى. ئۆي ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى. رەناخان ئەدىيال بىلەن باش - كۆزىنى چۈمكىۋالدى.

پېرىخونلار كاناپ تون كىيگەن، سەللا ئورىغان، ئۇزۇن ساقال قويغان، بېلىگە تارغاق، مىسۋاك، كۆزەينەك قاپلىرىنى ئاسقانىدى، دولىسىدا خۇرجۇن بار ئىدى. ئۇلار ئىما - ئىشارەتلەر قىلىپ جىننى قارغايتتى، قالايمىقان سەكرەپ - تاخلاپ، ھۇۋ سالاتتى. ئۇلار بىر پەس ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، مەريەمخان ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

باغۋەن تىلەك ئۆي ئىچىدە ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئىشىك سىرتىدىكى تۈپ ئىچىدە تۇرغان غۇنچە بويى، دوغىلاق، يوغان كۆزلۈك ئامرىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، غىپپىدە سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس مۇڭدىشىۋالماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، پېرىخونلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى ۋە ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تۇغ باغلاشقا بۇيرۇدى، ھاشىمخانغا كارىۋاتتا ياتقان رەناخاننى تۇغ تۈۋىگە ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇڭ، دېدى. تۇغ باغلىنىپ، رەناخان چىڭ ئېسىلدۇرۇلغاندىن كېيىن، سىرتتىكىلەر ئۆيگە تەكلىپ قىلىندى. كىشىلەر تۇغ ئەتراپىنى چۆرىدەپ سىخدىلىپ ئولتۇرۇشتى. باغۋەن تىلەك بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى، غىپپىدە ئام-



www.uyghurkitap.com

رىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. پېرىخونلار توغ تۇۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقساقلى يېنىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەرگە قادىدى، «ئەرۋاھ پېرە»، «مۇسۇلمان پېرە»، «ئۇممۇ زەبىيات پېرە»، «زىيانداش تەرسا پېرە» ۋە قىرىق بىر چىلتەنلەرنىڭ نامىنى بېشارەت كەلتۈرۈپ، جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلاپ-ئۈركۈتۈپ، دۈرت، ئەپسۇن ئوقۇدى. ئاندىن خەنجەرنى قادالغان يەردىن سۇغۇرۇپ ئوڭ قولىدا تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ داپلىرىنى ئوينىتىشقا باشلىدى. تۆتەيلەن توغنى ئايلاندى. ئاقساقال خەنجەرنى ئۇياق-بۇياققا شىلتىپ بوغۇق ئاۋازدا قەسىدە باشلىدى:

ئەلەيەمەدۇلىللا ئوقۇيمەن،
جىنغا تۇقۇم تۇقۇيمەن،
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

جىن پېرىما، جىن پېرىم،
قىچقارغاندا كەل پېرىم،
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

ئۆلگۈلۈك كەلسە ئۆلىمىزەر،
جەھەننەمگە كىرمەسمىزەر.
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

مەن ئۆلمەيمەن، ياشايمەن،
بىر ئۇخلىسام قوپمايمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

تەكلىپ كەتمەس ئاماققا،
يەۋېرىمەن قورساققا.
ماڭا كېرەك يېڭى تون،
كونىغا كۆز سالمايمەن.
ئالتۇن - كۈمۈش ئامرىقىم،
قەغەز پۇلنى ئالمايمەن.
سىلەردە بار پۇل - دۇنيا،
مەندە بارى بوز خالتا.
ياھۇ ئاللا ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

پىلدىرلاپ ئوينا،
چۆرگىلەپ ئوينا!
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

ۋەرۇە، ھۇ بۇ ھۇب، بەينەر ۋاھابى،
جەررى ئەبجۇبى، شەرۇل ھەمبۇبى.
يائاللاھۇ، ياھۇ ئاللاھۇ،
ھەي - ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ...



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ناخشىغىمۇ، چۇقان - سۈرەنگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ قەسىدە توختىغاندىن كېيىن، پېرىخونلارنىڭ ئاقساقىلى بېلىدىكى قامچىسىنى سول قولىغا ئېلىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارىقىسىدىن توغىنى چۆرىدەپ ساما سالغان پەيتتە سەكرەپ-تاخلاپ ئايلىنىشقا بۇيرۇدى. داپلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. داپچىلار داپلىرىنى بىردە باشلىرىدىن ئېگىزگە كۆتۈرۈپ، بىردە يەرگە تەگكۈدەك پەسلىتىپ جىددىي چالاتتى، كۆپچىلىك تەڭلا:

سەكرە - سەكرە جىن - شەيتان،
مەن سەنلەرنى قوغلايمەن.
سەن سەكرىسەڭ سەكرەۋەر،
مەن سەكرىمەي ئوينايمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ ھەي! ياھۇ ئاللاھۇ.

دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىشاتتى.

پېرىخونلار ئاقساقلى رەناخاننى توغىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆچەپ تارتىپ چۆرگىلەشكە بۇيرۇدى. رەناخان توغىنى جان ئاچچىقىدا، گويا ئۇنى ئۈزۈپ تاشلايدىغاندەك جان-جەھلى بىلەن تارتاتتى. ھەر تارتقاندا ئۆگزە غاراسلاپ كېتەتتى. ئۆي ئىچى سۈرلۈك ئىدى.

ئەمدى قامچا ھەرىكەتكە كەلدى. بەزىدە ئۇ پېرىنى ياخشى ئوينىمىغانلارنىڭ باش - كۆزىگە تاراسلاپ تېگەتتى. باغۋەن تىلەك ئاقساق بولغاچ بىرنەچچە رەت قامچا يەۋالدى، بىراق غىڭ - پىڭ قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئامرى-

قىزىنىڭ يېنىدا بولغاچقا خۇشال ئىدى، قامىرىقسى ئۆچۈرۈن قامچىسىنى كۆپرەك يېسىمۇ رازى ئىدى.

كىشىلەر توپى كەلسە ــ كەلمەس سەكرەشتۇپ تاشلاندى.

توغ تۇۋۇنگە يېقىلغان رەناخان جان ئاچچىقىدا پىرىشقۇ-دەك بولدى. توساتتىن ئىشىكتە بىرەيلەن كۆرۈندى، رەناخان ئۇنى تونۇلاي دەپ تۇرۇۋىدى، پېرىخۇنلارنىڭ ئاقساقلىنىڭ قامچىسى كېلىپ ئۇنىڭغا ئارىسىدە تەگدى. ئاقساقال ئۇنى كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ تۇغنى ئايلىنىشقا بۇيرۇدى. بۇ كىشى قايمىتىماي ئىدى، بىراق ئۇنىڭدىمۇ نېمە ئامال؟ بۇنداق چاغدا ئۇ ۋارقىراپ ــ جارقىرىيالىسۇنمۇ؟ ئامراق قىزىنىڭ هاياتى بىلەن ئويۇنشالىسۇنمۇ؟

ئاقۋەت كىشىلەر پېرىخۇننىڭ پەرمانى بىلەن ئەسەبىيلەرچە سەكرەش ــ تاخلاشتىن توختاپ، تۇغنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ھەممەيلەن خۇددى كالىدەك پۇشۇلدايتتى، تەرگە چۆمۈلگەنىدى. پېرىخۇنلار يەنە بىردەم جىنلارغا قارغىش ياغدۇردى. هاشىخان مەرىيەمخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خېلىلا چىق گۆرۈج ۋە كونا كىيىم ــ كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلدى ــ دە، پېرىخۇنلارنىڭ خۇرجۇنلىرىغا سېلىپ بەردى.

قايىت بۇ نەرسىلەرگە چەكچىيىپلا قاراپ قالدى، ئىچى ئېچىشىپ يىلاندەك تولغاندى: ئىست، ئىست، نەس باستى ــ دە، نەس باستى، يەنە شۇنچىلا مال ــ دۇنيارىمدىن ئايرىلدىم...

## 8. شېرىن ئەسلىمە

كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان دەرد ئادەمنى ئىچىدىن تۈگىتىۋېتىدۇ. ئادەم ئولتۇراي دەپ، خاتىرجەم ئولتۇرالمايدۇ، ئۇخلاي دېسە، ئۇخلىيالمايدۇ، يېگەن تاماقنىڭمۇ تۈز تەمى بولمايدۇ، كۆڭلىدە تاغدىنمۇ ئېغىر تاش باردەك، غەم - قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ.

سادىق بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مانا شۇ ھالەتتە ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆي ئۇنىڭغا قەپەستەك تۇيۇلاتتى - دە، بىئارام بولۇپ، دەرھاللا يەنە تالا - تۈزگە چىقىپ كېتەتتى. دادىسى، ئانىسىنىڭ سۆزلىرىمۇ بەزىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، بەزىدە ئۆيگە تاماققىمۇ كەلمەيتتى.

ئاخشامدىن كېيىن، ئوغلىدىن خوپلا ئەنسىرەپ قالغان ئايخان ئېرى سايىتاخۇنغا:

— ئوغلىمىز غەمكە چۆكۈپلا كېتىۋاتىدۇ، بەكلا مىسكىن ھالغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى.

سايىتاخۇن قولىدىكى ئەسۋابلارنى قويۇپ يۆتەلدى، ئاندىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— ئوغلىمىز بالاغەتكە يەتتى، ئەمدى بىز ئاللانىڭ ئالدىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلىپ، بېشىنى ئوڭلاپ قويساقمىكىن، — دېدى.

— مەنمۇ بۇرۇنلا شۇنداق خىيالغا كېلىۋىدىم.
— بىزنىڭ بار-يوقى شۇ بىرلا ئوغلىمىز بار.
— شۇنداق. ئوغلىمىزنىڭ كۆڭلى كىمنى ئىستەيدىكىن؟ ئۇنىڭ كۈن بويىي مىسكىن يۈرۈشىدە بىر گەپ بار، كۆڭلىگە بىرەر قىزنى پۈككەن بولسا كېرەك، — مەريەمخان ئېغىر خورسىنىپ سەل تويلىنىۋالدى، — بىز يا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمىسەك.

دۇنيادا پەرزەنتكە ئاتا-ئانىدىن ئارتۇق كۆيۈنىدىغان ئۆزگە كىشى بولمايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ قەلبى پەرزەنتكە بولغان مېھرىبانلىق، شەپقەت، مۇھەببەت بىلەن تولغان. بولۇپمۇ پەرزەنتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغان چاغلاردا، ئاتا-ئانىنىڭ قەلبى خۇددى تۇز قۇيۇلغاندەك ئېچىشىدۇ.

ئايخان بىلەن سايىتاخۇن سادىق ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقان، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدا سادىق قايتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئىككىيلەن ھەيران قالدى: ئۇ ئەزەلدىن تاماكا چەكمەيتتى، ھاراق ئىچمەيتتى، ئەمما بۈگۈن ئۇ مەست ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇسەللەسنىڭ بۇسى كېلەتتى.

سادىق دەلدۈگۈنۈپ، ھىقىقلىغىنىچە دادىسى، ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ دادىسى، ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئايخان ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن كىرىپ، ئۇنىڭ يەل-



www.uyghurkitap.com

كىملىرىنى سىيلىدى، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۆيلىنىش-خانىدا، سادىق ئانىسىغا قاراپ جىن چاپلىشىۋالغاندەك، تەلۋىلەرچە ھىجايدى.

— بالام، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ؟ — سورىدى ئايخان.

— ھېچ ... ھېچنېمە، — سادىق يەنىلا ھىجىياتتى، ئۇ بۇرنى كېڭەردى، — ھېچنېمە ... بولمىدىم.

— بۈگۈن ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋاپتۇ، — سايىتاخۇننىڭ تاشقىرىدىكى ئۆيدىن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئەزەلدىن ئوغلىغا مۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكلا ھار كەلگەن بولسا كېرەك، ئاۋازىدىن ئاچچىق چىقىپ تۇراتتى.

سادىقنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە ئىش بار؟

بۇ ئىشنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتكىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سادىق پاختەكلىككە باردى. ئۇ قايتىشىدا، يەنە چاقىرىملىق دەريانىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، پايناپ مەھەللىسىنىڭ دەريا قىرغىقىغا يېقىنلا يېرىدىكى گۈللۈك باغنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چارباغنىڭ قايىستبايىنىڭ بېغى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى، چىرايلىق ئۆي، كۆركەم نەقىشلەر ئىختىيارسىزلا ئۇنى مەپتۇن قىلدى، سادىق زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى. دەل شۇ چاغدا، باغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پاكار قورۇق تام ئۈستىدىن بىر رەڭلىك يىپەك رومال ئۇچۇپ كەلدى - دە، تام تۈۋىدىكى دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى. سادىق يەنە بىر رەت بېشىنى كۆتۈرۈپ تام ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، گۈلدەك چىرايلىق، تولۇن [illegible] بىر ساھىبجامالغا كۆزى چۈشتى. بۇ ساھىبجامال [illegible] گۈل كەشتىلەنگەن دۇردۇن كۆڭلەكلىك ئىدى، [illegible] شامالدا ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قارا بوستان چاچلىرى خۇددى [illegible] جۇلا پۈپۈكتەك يەلپۈنەتتى. ئۇ ئېگىلىپ، نازۇك، يۇمران قوللىرىنى سوزۇپ، دەرەخكە ئېلىنىپ قالغان يىپەك رومىلىنى ئالماقچى بولدى. بىراق ئارىلىق ئىككى چامدامچە كېلەتتى، ئۇنىڭ قولى رومالغا يەتمىدى. ئەگەر ئۇ يەنە ئېگىلىدىغان بولسا، قورۇق تامنىڭ بۇ تەرىپىگە يىقىلىپ چۈشۈش خەۋپى بار ئىدى.

سادىق بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، رومالنى ئېلىپ، قوش قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ساھىبجامالغا سۇندى.

قورۇق تامنىڭ ئىچىدىكى كۆكتىن چۈشكەن ھۆرلىقاغا ئوخشايدىغان ساھىبجامال نازلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قولىنى تەگلىيەلمىدى. دەل شۇ چاغدا ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىگە تىكىلدى.

تال ـ تال ئۆزۈن كىرپىكلەر ئارىسىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان بىر جۈپ ياقۇت، ئەگىم قارا قاش، كەچكى شەپەقتەك مەڭىز، كىلاستەك لەۋ، قاشتېشىدىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشايدىغان قامەت سادىقنى مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇ خۇددى مەجنۇن سۈپەتتە ساھىبجامالنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە شېرىن چۈشتەك باھار نەزمىسى جاراڭلايتتى.

ساھىبجامالمۇ ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى.

ئارىدىن ئون بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. ساھىبجامال ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى. سادىق ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىدىكى يىپەك رومالنى، ئۆزىنىڭ ئىرىك ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ، تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرىۋەردى. پەقەت بېشى ئۈستىدىن بىر قانچە سېرىق قۇشقاچ چىرىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكەندىلا شېرىن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

قىشلىق ئۇيقۇدىكى قۇرت-قوڭغۇزلار باھار گۈلدۇرمامىسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغانغاندەك، سادىقمۇ ئاستا-ئاستا ئېسىگە كەلدى. بۇ يەردە مۇنداق تۇرغىنىمنى خەقلەر كۆرۈپ قالسا كۈلكىگە قالارمەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە يەردىن بىر تاش ئېلىپ شېرىن خىيال نەزمىسىگە چۆمۈلگەن، باھار گۈلىگە ئوخشايدىغان يىپەك رومالغا ئوراپ باغقا ئېتىۋەتتى.

ئۇ گويا يۈرىكىنىمۇ يىپەك رومالغا ئوراپ باغقا ئېتىۋەتكەندەك، تام تۈۋىدە خېلىغىچە ئايلىنىپ، ئاندىن بۇ ئاقارتىلغان تام تۈۋىدىن گاڭگىرىغان ھالدا ئايرىلدى.

شۇندىن ئېتىبارەن، سادىقنىڭ قەلبىدە كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان يەككە ئاشىقلىق ناخشىسى باشلاندى.

باھار ئىلاھى ئۆزلۈكسىز ئۈسۈۋاتقان سۆيگۈ-مۇھەببەت مايسىسىنى سادىقنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇرىغا كۆچۈردى.

## 9. بىچارە يېتىم قىز

تاجىخان ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم قىز ئىدى. ئون سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ قىز ئاچىسى ۋە قېيىن ئاكىسىنىڭ سايىسىدە كۈن كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ بىر قورساق ئاكىسى داۋۇت قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شامالباغدا ئورتاقچى دېھقان ئىدى. تاجىخاننىڭ يەڭگىسى كۆكەرمە ۋە پىخسىق چوكان ئىدى. شۇڭا تاجىخاننىڭ ئاكىسى ۋە يەڭگىسىنىڭ ئاز - تولا ياردىمىگە ئېرىشىشى بەسى مۈشكۈل، شۇنداقلا خام خىيال ئىدى.

تاجىخاننىڭ ئاچىسى قەمبەرخان ئەركەكتىزەردەك، ئاۋازى بوك - بوك، ھەرىكىتى قوپال، كۆزى ئالىغايراق، ئاغزى يوغان، بۇرنى ياپىلاق، سېمىز، پاكار بوي چوكان ئىدى. ئۇ قىزىلدۇۋىلىك ھامىد دېگەن بىر ھۆتتەھەم لۈكچەككە ياتلىق بولغانىدى. بۇ ئەر - خوتۇنلار قىمارغا ۋە نەشە دۇدىسىغا تايىنىپ جان باقاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيى ھوشۇق ئوينايدىغان قىمارۋازلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى، نەشىكەشلەرنىڭ چىلىملىرىدىن چىققان ئىس - تۈتەك بىلەن تولاتتى. تاجىخان مانا مۇشۇنداق ئائىلىدە ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ھېرىپ - چارچاپ يۈرۈپ، قورساق تۈزۈك تويمايدىغان ئىككى ۋاقلىق تامىقىنى تېپىپ يەيتتى.

ھامىدئۇچىغا چىققان ۋەھشىي، رەھىمسىز، قەمبەرخان
ئۆتتۇپ كەتكەن ئىچى زەھەر، خوتۇن بولۇپ، ئىككىسى
تازىمۇ ئىلىشىپ - تېپىشقانلاردىن ئىدى. ئۇلار بىرەر
ئىش كۆڭلىگە ياقماي قالسا، دەردىنى تاجىخاندىن
ئالاتتى. بەزىدە ئۇلار قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتسە، تاجىخاننى
نەس باساتتى، ئاش - نان تورسىغا قامچا، تېپىك،
مۇشت، تەستەك يەيتتى. تاجىخاننىڭ كەچۈرۈۋاتقىنى
ئادەمنىڭ كۈنى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسى بىلەن
قېيىن ئاكىسىنى جىندەك كۆرەتتى.

بىر كۈنى، يىراقتىن سۇ ئېلىپ كەلگۈچە ھېرىپ
ھالى قالمىغان تاجىخان كەچلىك تاماقنى سەل كېچىك-
تۈرۈپ قويۇۋىدى، ئانىسى بىلەن قېيىن ئاكىسى ئۇرۇپ،
باش - كۆزىنى كۆك بىلەن يارىغا تۇشقۇزۇۋەتتى، ئۇنى
ئاز دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بىچارە تاجىخان
دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئاپاق خوجا مازىرىغا كەلدى - دە،
بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى تۆكۈپ مەدەت تىلىدى.
ئاندىن تاختا كۆۋرۈك بويىدىكى قەبرىستانلىقتا بېرىپ
ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپتى، قەبرىگە باش قويۇپ ئۇزاق-
قىچە يىغلىدى. ئۇ گويا ئانىسىنىڭ باقىي ئالەمدە،
ئۆزىنىڭ پانىي ئالەمدىلىكىنى ئۇنتۇپ، خۇددى مېھرىبان
ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك، دەرد - ئەلەم بىلەن
سۆزلەپ كەتتى:

— ئاھ، جان ئانا! ئەجەبمۇ مېنى مۇشۇ شەپقەت-
سىز ئالەمدە دەرد - ئەلەمگە قويۇپ كېتىپ قاپسەن، ئانا،
سەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ ئارام تاپتىڭ. مەن بۇ پانىي

ئالەمدىكى بارچە رىيازەت، دەرد ـ ئەلەمنى تارتىپ ئارت-
تىم، زادىلا ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى. جان ئانا، جېنىم
ئانا، ماڭا شەپقەت قىل، مېنىمۇ يېنىڭغا ئېلىپ كەت!
مېنىڭ بۇ ئادەمنى يەيدىغان ئالەمنى كۆرەرگە
كۆزۈم يوق. جېنىم ئانا، قېشىڭغا بېرىپ يېتىۋالاي.
مېنى باغرىڭغا ئال! ئاھ... جېنىم ئانا!...
باش ياز ئاخشىمىنىڭ شاملى ئۇنىڭ پاخپىيىپ
كەتكەن چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئەتراپتا ئىنس ـ جىن
يوق، پەقەتلا ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئىسەدەشلىرىلا ئاڭلىناتتى.
ئالەم قارا قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ، بىپا-
يان ئاسمانمۇ گويا تاجىخاننىڭ ئىستىقبالىدەكلا قاپ-
قارا. يىراقتا ــ چەكسىز چۆل ـ جەزىرە تەرەپتە بىرنەچچە
يۇلتۇز پىلدىرلىغاندەك قىلاتتى، بىراق ئۇ چاڭ ـ توزان
ئارىسىدا خۇددى ئېزىتقۇ ئوتتەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى.
يېرىم كېچە بولاي دېدى. تاجىخان قەبرە تۈۋى-
دىن خۇددى ئالۋاستىدەك ئۆرە بولدى. كېچە شاملى
ئۇنىڭ رومىلىنى ئۇچۇرتاتتى. ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقتا تىنى-
ماي لەپىلداۋاتقان رومىلى ئىنس ـ جىنسىز بۇ قەبرىس-
تانلىقتا تېخىمۇ ۋەھىمە قوشتى. تاجىخان ئاسمانغا
قارىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا سوغۇق قۇملۇقتىكى يەككە
تۇرنىدەك، تولىمۇ بىچارە، يېتىم ھېس قىلدى.
ــ ئاھ، خۇدا، مېنىڭ پاناھ جايىم قەيەردە؟!
ئۇ توختىماي خورسىناتتى. تۇساتتىنلا بىر جاي
ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ
قىزىلدۆۋە بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

— تاجىخان بۇرۇن ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە ئازار يېگەن-
لىرىدە سادىقلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ دەرد تۆكۈپ،
كۆڭلىگە ئارام تاپاتتى. سايىتاخۇن بىلەن ئايخان
ئۇنىڭغا مېھرىبانلارچە تەسەللى بېرەتتى. بەزىدە تاجى-
خان ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئايخان ئۇنى ئاچى-
سىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. شۇڭا تاجىخان بۈگۈنمۇ
شۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن باشقا بارغۇدەك، باش تىق-
قۇدەك جاي يوقلۇقىنى ئويلاپ، سادىقلارنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا كەلدى-دە، ئىشىكنى ئاستا چەكتى.
— كىم؟ — ئۆي ئىچىدىن ئايخاننىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى.
— مەن، ئايخان ئاچا، — دېدى تاجىخان ئىسەدەپ
تۇرۇپ، — ماڭا رەھىم قىلىپ ئىشىكنى ئاچسىلا...
غىچچىدە قىلىپ ئىشىك ئېچىلدى. ئايخان بېشىنى
چىقىرىپ، كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتما تالاڭ بولۇپ
كەتكەن، پۇتىدا خام پارچىلىرىنى تۇردۇۋالغان بىچارە
قىزنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى:
— ۋاي خۇدايىمەي، سەنمىدىڭ قىزىم؟ مۇنچىۋالا
كېچىدە يەنە نېمە بولدى؟
— ئاچام يەنە قوغلاپ چىقاردى...
— قېنى ئۆيگە كىرگىن.
مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى.
جەينامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تائەت-ئىبادەت قىلى-
ۋاتقان سايىتاخۇنمۇ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ياتقان سادىقمۇ
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىچارە تاجىخاننىڭ قېشىغا كەلدى،

ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ، بىر-بىرىگە قاراپ باش چايقاپ، ئىغىر خورسىنىشتى.

ئايخان ھەش-پەش دېگۈچىلا پولۇ ئېتىپ تاجى-خانغا يېگۈزدى، تاجىخان بۈگۈنكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۇلارغا يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

ئايخان بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، بۇ بىچارە قىزنى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى، ئەمما تاجى-خان ئىسەدەپ يىغلاپ، بولدى، ئۇ ئۆيگە زادىلا قەدەم باسمايمەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئەمىسە بوپتۇ، — دېدى ئايخان، — بۈگۈن كېچە قونۇپ قال قىزىم، تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار.

## 10، مەسلىھەت

سايىتاخۇن ئاشۇ تىنىم تاپماس مۇزدۇزلۇق يىڭنىسى بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى جايلىق ئىش بىلەن ــ ئۆتۈك تىكىش، ياماق ياماش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۆتكەن ھەر بىر ئاي، يىللارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇنىڭ بىگىز، يىڭنىلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى سادىق گۆدەك بالىلىق، شوخ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ نەۋقىرانلىققا يەتتى. ئۇمۇ، ئايخانىمۇ ئوغلىمىز چوڭچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدىغان قەرەلگە يەتتى، ئۇنىڭغا ئوبدان بىر ھەمراھ تېپىپ بەرسەك بويىنىمىزدىكى قەرزدىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق، دەپ ئويلايتتى.

سادىق ھەقىقەتەنمۇ قاۋۇل يىگىت ئىدى، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى، سايىتاخۇن بىلەن ئايخانىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنى قىلچە قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان يىگىت، دەپ ماختايتتى ۋە ئەمدى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، دېيىشەتتى.

ھەتتا بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەھەممەت ئاكىمۇ سادىقنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە:

— ھەي، قاۋۇل يىگىت، ئەمدى توي قىل، خوتۇن ئال! مۇشۇ كېلىشكەن بەستىڭ، نۇرانە چىرايىڭنى

كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىغان، يەنە خوتۇن ئـالايسىغان بولـ ساڭ، يۈرتىمىزنىڭ خان قىزلىرى سېنىڭ دەردىڭدە ۋەيـ ران بولۇپ كەتمىسۇن يەنە! — دېدى.

سادىقمۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ياخشى كۆرـ دىغان قىزى ئۆزىگىلا ئايان ئىدى. كىممۇ ئۇنىڭ كۆڭـ لىدىكىنى بىلسۇن؟!

شۇ ئاپنىڭ ئۆزىدە، سايىتاخۇن ئۆتۈك تىكىۋاـ ئاتتى، ئايخان يىپ موملاۋاتاتتى.

— ئوغلىمىز چوڭ بولۇپ قالدى، بىزنىڭمۇ ئـاللا ئالدىدا قەرزىمىزنى ئۆتەيدىغان ۋاقىت يەتتى، — دېدى سايىتاخۇن.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، — دېدى ئايخان.

— سىلىنىڭ قانداق خىياللىرى بار؟

— بىزنىڭ ئاشۇ تەھەدەك بىرلا ئوغلىمىز بار، ئۇنىڭ بېشىنى بۇرۇنراق ئوڭشاپ قويساق، كۆڭلىمىز ئاراـ مىغا چۈشەتتى.

— سۆزۈڭلىغۇ بەرھەق، ئەمما قايسى ئـائىلىنىڭ خېنىمى بىزگە كېلىن بولۇشقا باپ كېلەر؟ — دېدى سايىتاخۇن ئىشتىن توختاپ، ئايخانمۇ يىپنى موملاشتىن توختىدى.

— ئوغلىمىز بىرنەچچە كۈندىن بېرى شوكلەپلا كەتتى. كۆڭلىگە پۈككەن بىرەرى بولسا كېرەك، ئەنە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مالىم، بىراق ئۇ ئۆزى ئېغىز ئاچمىسا، بىز نەدىن بىلىمىز.

— مەنمۇ ھازىرقى ياشلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ھەققىدە سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما ئوغلىمىز ئەدەپلىك، قائىدە-يوسۇنلۇق يىگىت. ئۇ ھالىمىزنى بىلىدۇ، ئاقماس خىيالدا بولماس.

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قىز بىرەر باي ئائىلىنىڭ خېنىمى بولۇپ قالسا، ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ قالارمىزمىكىن.

— ئۇنداق بولماس، خوتۇن. سادىق باينىڭ ئىشىكىگە يولاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. يەنىلا ئۆزىمىز باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا لايىق تاپساق، قانداق دەيسىلە؟

— سىلىچە كىمنىڭ قىزى لايىق كېلەر؟

— مېنىڭچە، تاجىخان ئوبدان لايىق، يېتىم بولسىمۇ، تەقى-تۇرقى جايىدا، ئادىمگەرچىلىكى بار. بىز ئۇنى بالا قىلىۋالساق ئاللامۇ رازى بولىدۇ.

— دېگەنلىرىدە سۆز يوق، تاجىخان بەلەن قىز بالا. بىراق، ئاچىسى بىلەن قېيىن ئاكىسى شۇ...

— بىزگە قەمبەرخان بىلەن ھامىت كېلىن بولمايدۇ، تاجىخان كېلىن بولىدۇ، نېمىدىن قورقاتتۇق؟ — دېدى سايىتاخۇن ئەستايىدىللىق بىلەن، — سادىقلا خوپ كۆرسە، ئىش تامام، ۋەسسالام.

— ئوغلىمىزنىڭ رايىنى بىلىپ باقساق، قانداق دەيلا؟

— ئوغۇلنى بىز تاپقان، بىز بېقىپ چوڭ قىلغان، ئاتا - ئانىنىڭ سۆزى بەرھەق، پەرزەنتنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلماقلىقى پەرز. ھالبۇكى، ئوغلىمىزغۇ ئەجەب خانغا بەك ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كۆڭلى ئازار يەپ بىزنىڭكىگە قېچىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە... — سايىتاخۇن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەر ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىڭلار، بىز بىرەر ئەلچى تېپىپ قەمبەرخانىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ كۆرەيلى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئوغلىنىڭ توي ئىشى ئۈستىدە تازا قىزىق مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، مەھەممەت ئاكا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار سالام - سائەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەھەممەت ئاكا دوپپىسىنى سەل يانتۇ قىلىپ قويۇپ:

— ياپالا، نېمىدېگەن چىداملىق ئادەمسىلەر، قاراڭلار مۇشۇ چاغدىمۇ ئارام ئالماي ئىشلەپ كەتكىنىڭلارنى! — دېدى.

— قېنى، ئولتۇرسىلا، بۈگۈن ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ؟ — دېدى ئايخان تەكەللۇپ بىلەن.

— بۇ ئۆيدىكى پولۇنىڭ پۇرىقى ئۇچۇرۇپ كەلدى، — دېدى مەھەممەت ئاكا تىلىنىڭ تېگىگە ناسۋال سېلىۋېتىپ. ئۇ سايىتاخۇننىڭ قېشىغراق كېلىپ زوڭزايدى.

— دەل ۋاقتىدا كەپسەن بۇرادەر، ساڭا رەھمەت. بىراق سەل ۋاقتى بار، تېخى پولۇ پىشمىدى. بىر پەس

پاراڭ قىلغىن، پولۇ دېگەن ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى سايىتاخۇن ۋە بىر كۇسىنى مەھەممەت ئاكىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— رەھمەت، رەھمەت. ئەمما مەن پولۇنى بىكارغا يېمەيمەن. مەن سىلەرگە بىر قىز بالىنى كېلىشلىككە سايە قىلىپ كەلدىم. قانداق پولۇرىڭلار بىكارغا كەتمەس؟

— نېمە، نېمە؟ — سايىتاخۇن ھەيرانلىق بىلەن مەھەممەت ئاكىغا تىكىلدى.

— سادىقجان كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— مەكتەپكە كېتىۋىدى.

— ئاللا ئۇنىڭ بەختىنى بەرسۇن. ئۇ قاۋۇل، سىلىق-سىپايە يىگىت بولدى. ئەمدى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، ئۇمۇ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ ھوزۇرىنى سۈرسۇن. كۆڭلۈڭلەرگە پۈككەن بىرەر لايىق بارمۇ؟

— ياق، بىزمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان.

مەھەممەت ئاكا دوپپىسىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى ۋە سۆزلەپلا كەتتى.

— ناھايىتى بولەن گەپ. مەن بۈگۈن نەشكەش ھامىدنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ تاجىخاننى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار تاجىخاننى تېسىپ قويۇپ قامچا بىلەن ساۋىداۋېتىپتۇ. مەن ئاشۇ كۆكەرمە قەمبەرخانغا: «ھەي، ئۇ ئۆز سىڭلىڭ، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان قېرىندىشىڭ تۇرسا نېمانچىلا قىينايسەن؟» دېسەم، «ياماننىڭ ئاغ-

زىدىن ياخشى گەپ چىقماس» دېگەندەك، تۇرمۇش جاپاسى مېنى بىر مۇنچە تالاپ، «نېمە كارىڭ؟ قورسىقىڭنى تو- نانىنى مەن بەرگەندىكىن باشقۇرالمامتىمەن؟» دەۋاتقۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم تۇۋۇىدىن تۆتتى - دە، «بولدى، تاجىخاننى مەن ئۆز ھىماتىمغا ئالاي» دەپ تاجىخاننى ياندۇرۇپ ئەكەتتىم.

— راست دەيلا، بىچارە تاجىخانغا يەك ئۇۋال بولدى، — دېدى ئايخان مەھەممەت ئاكىغا يېقىنراق كېلىپ، — بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىچارە قىز تۈن يېرىمىدا بىزنىڭ ئۆيگە قېچىپ كەپتىكەن، بىز تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ، ئەتىسى مەن ئاپىرىپ قويغانىدىم.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ. شۇڭا مەن تاجىخاننى سىلەرگە كېلىن قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن، سىلەرچە قانداق؟ — مەھەممەت ئاكا كۆرەڭلىك بىلەن دوپپىسىنى ئېلىپ، بېشىغا قىيسايتىپ كىيدى.

— بىزمۇ شۇنداقراق خىيالغا كېلىۋىدۇق، ئەمما سادىق رازى بولماسمىكىن، — دېدى سايىتاخۇن مەھەممەت ئاكىغا.

— ھا... ھا... ھا! — مەھەممەت ئاكا دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، بۇرۇتىنى تولغىدى، — سىلەر ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، مەن بولسام سۆزمەن ئاكىسى، سادىقمۇ ئويدان يىگىت، شۇنداق تۇرۇقلۇق ياپام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ دىلىغۇل بولۇش نېمە ھاجەت؟! تاجىخان ئۆزىنى ياساپ - جابدۇپ، تويى كۈنى بىرلا

سۆيۈپ قويسا، سادىقنىڭ گۈلقەقەسى ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ قالدۇ.

— ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن، بىز ئوخشىتىپ بىر پولۇ ئېتەيلى، سەن قەمبەرخاننىڭ قېشىغا بېرىپ كەلگىن، — دېدى سايىتاخۇن خۇشاللىق بىلەن.

— پولۇ مايلىق، گۆشى كۆپ بولسۇن، شۇندىلا ئەلچىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، — دېدى مەھەممەت ئاكا كۈلۈپ. ئۇنىڭ ھەممە يېرى تەڭ ئويناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ساخاۋەتلىك ئىشنى ئوڭۇشلۇق باشلاپ، يېتىم قىزنىڭ بەختىگە يول ئاچقانلىقىدىن، دەردمەنلىك بېشىنى سىلاپ، دەردىگە دەرمان بولالىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

## 11. بوستان كېچىسى

مەھەممەت ئاكا قەمبەرخاننىڭكىگە قوش قوللاپ پولۇ ئاپارغاندىن كېيىن، تاجىخاننىمۇ ئاپىرىپ قويدى. ھامىد پۈتۈن يۇرتقا داڭقى كەتكەن مۇتتەھەم بولغاچقا، دۇرۇس ئادەملەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭكىگە قەدەم باسمايتتى. مانا ئەمدى سايىتاخۇن پولۇ بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. شۇڭا ھامىدنىڭمۇ، قەمبەرخاننىڭمۇ كۇرۇكلىرى يېشىلىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

قەمبەرخان تاجىخاننى يۇيۇپ-تاراندۇردى. ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەك، توپلەي-پايپاقلىرىنى كىيگۈزدى. تاجىخان چىرايلىقلىقتا بىر قىزغا ئايلاندى. ئۇنجى رەت ئاچىسى بىلەن قېيىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئۇنىڭ خۇشلۇقىنى باشقا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قەمبەرخان سىڭلىسىنىڭ ئىشىدىن شامالباغدىكى ئاكىسىنىمۇ خەۋەردار قىلدى. داۋۇتمۇ قەمبەرخاننىڭكىگە كەلدى، تاجىخانغا ئازراق پارچە-پۇرات پۇللارنى بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى.

بۇ خەۋەر كۆپ كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، پەقەت سادىق بىلەن تاجىخانلا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. مېنى ئاپاق خوجا بىلەن مېھرىبان ئانامنىڭ روھى يۆلە-

گەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى تاجىخان. ئۇ ئەتراپتىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران ئىدى، پات - پاتلا خۇشلۇقتىن يەغلىۋېتەتتى.

ھامىد بىلەن قەمبەرخاننىڭ خۇشلۇقى تاجىخاننىڭ ئوبدان پاناھ تاپقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تاجىخاندىن قۇتۇلغانلىقى، ئەمدى ئاش - نان يەيدىغان بىر ئېغىزنىڭ ئازايغانلىقىدىن ئىدى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. تاجىخان قىمارۋازلارنىڭ پاراڭلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. ئەمما ئايخاننىڭ ئۆزىگە قىلغان ئانىلارچە مېھرىبانلىقى، سادىقنىڭ شەپقەتىنى ئەسكە ئېلىپ، سەل ئىشەنگەندەكمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن شېرىن خىيالغا چۆمدى، ھاياتمۇ بۇرۇنقىدەك لەززەتسىز تۇيۇلمايدىغان، ھاياتنى قارغىمايدىغان بولدى.

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچىلا قەمەرىيە كالېندارى بويىچە بەشىنچى ئايغا ئون بەش بولۇپ، تولۇن ئاي سەيلىسى يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى قىزىلدۆۋىلىكلەر — دېھقانلارمۇ، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ، تىجارەتچىلەرمۇ، ھەممەيلەن بازاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بوستان دېگەن جايغا جەم بولۇپ تولۇن ئاي تاماشىسى قىلاتتى. بوستان دېگەن بۇ جاي دەريا بويىدىكى دۆڭلۈك بولۇپ، ئەتراپى بۈككىدە دەل - دەرەخلىك، ئوتتۇرىسى يۇمشاق قۇملۇق ئىدى. كۆزگۈم چۈشكەندىن كېيىن قىز - يىگىتلەر، چوڭ - كىچىكلەر

گەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى تاجىخان ئۇ ئەتراپتىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران ئىدى، پات - پاتلا خۇشلۇقتىن يىغلىۋېتەتتى.

ھامىد بىلەن قەمبەرخاننىڭ خۇشلۇقى تاجىخاننىڭ ئوبدان پاناھ تاپقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تاجىخاندىن قۇتۇلغانلىقى، ئەمدى ئاش - نان يەيدىغان بىر ئېغىزنىڭ ئازايغانلىقىدىن ئىدى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. تاجىخان قىمارۋازلارنىڭ پاراڭلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. ئەمما ئايخاننىڭ ئۆزىگە قىلغان ئانىلارچە مېھرىبانلىقى، سادىقنىڭ شەپقىتىنى ئەسكە ئېلىپ، سەل ئىشەنگەندەكمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن شېرىن خىيالغا چۆمدى، ھاياتمۇ بۇرۇنقىدەك لەززەتسىز تۇيۇلمايدىغان، ھاياتنى قارغىمايدىغان بولدى.

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچىلا قەمەرىيە كالىندارى بويىچە بەشىنچى ئايغا ئون بەش بولۇپ، تولۇن ئاي سەيلىسى يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى قىزىلدۆۋىلىكلەر — دېھقانلارمۇ، قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ، تىجارەتچىلەرمۇ، ھەممەيلەن بازاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بوستان دېگەن جايغا جەم بولۇپ تولۇن ئاي تاماشىسى قىلاتتى. بوستان دېگەن بۇ جاي دەريا بويىدىكى دۆڭلۈك بولۇپ، ئەتراپى بۈككىدە دەل - دەرەخلىك، ئوتتۇرىسى يۇمشاق قۇملۇق ئىدى. گۈزگۈم چۈشكەندىن كېيىن قىز - يىگىتلەر، چوڭ - كىچىكلەر

سازـ پازلىرىنى ئېلىپ، توپ ـ توپ بولۇپ بوستانغا كېلىپ، ئاسماندىكى نازىنىن قىزدەك تولۇن ئايغا قاراپ ناخشا ـ قوشاق باشلىۋەتتى. خىلمۇ خىل چالغۇلارنىڭ دىلغا ئارام بەرگۈچى ئاۋازى بۇ كۆركەم زېمىننى چاڭ كەلتۈردى. راۋاب، دۇتار، داپلار خۇددى تۇمەن بۇلبۇل تەڭ سايرىغاندەك، بوستاننى جانلاندۇردى.

قىزلار، يىگىتلەر، بوۋايلار، مومايلار ئايرىم ـ ئايرىم توپ بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يانپاش بولۇپ يېتىپ پاراڭلىشاتتى، بەزىلىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى. بوستان تال ـ تال كۈمۈش نۇرغا چۆمۈلۈپ، جەننەتنىڭ ئۆزىگىلا ئايلانغانىدى.

سادىق، مەھەممەت ئاكا، رۇسۇللار مۇنداق سورۇنلارنىڭ سەركىلىرى ئىدى، ھەتتا بۈگۈن تاجىخانمۇ بۇ سورۇنغا كەلگەنىدى، ئۇ بىر توپ دېھقان ئاياللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى.

ئايغا قاراپ ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىت يەتتى، ئاللانىڭ شەنىگە بېغىشلانغان ناخشا باشلاندى:

بۈيۈكسەن نەقەدەر ئاسمان،
بۈگۈن باغرىڭدا بىز شادمان.
تولۇن ئايغا قاراپ روقتا،
كۆلەرمىز شوخلىنىپ خەندان.
ئۇلۇغ ئاللا، ساڭا ئالقىش،
ياغار دىلدىن تۇمەن ـ چەندان.
ياراتتىڭ سەن قىلىپ شەپقەت،
ياشاشقا كەڭ، بەلەن ئىمكان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەردىڭ سەن يەنە بىزگە،
چاپان ـ تون ھەم ئېسىل ئاش ـ نان،
ئىگەم ئاللا، ئۆزۈڭ بىرلا،
ئىلكىڭدە جىمى جاھان.

ھەرەج تارتساق جاپا، دەردتە،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ پاناھ، غەمخان،
جاپا، غەمدىن خالاس ئەيلەپ،
بەردىڭ قۇت، قۇۋۋەت ـ دەرمان...

سازلار توختىماي سايرايتتى، كىشىلەر زوق ـ شوق بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. بۇ ئاۋازلار شۇنچە لەۋەن، جاراڭلىق ئىدى، بىر پەسلەپ، بىر ئۆرلەيتتى. ئارقىدىن ئىككىنچى ناخشا باشلاندى:

بىز تاڭدىكى قۇشلار كەبى ۋىچىرلىشىپ،
دەردىمىزنى بىر ئاللاغا قىلدۇق ئايان.
ئۇلۇغ ئاللا، شەپقەتلىرىڭ چەكسىز ئەجەب،
تۈل، يېتىمنىڭ باشپاناھى بولدۇڭ ھامان.

بۇ ناخشا تاجىخاننىڭ يۈرەك يارىلىرىغا تۇز سېپىپ، دەردلىرىنى قوزغىدى، ئۇ يوشۇرۇنچە كۆز يېشىمۇ قىلىۋالدى، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان شەپقىتىگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئەيلىدى.

قىزىق ئىش، تاجىخان كونا دەردلىرىنى ئەسكە

ئېلىپ مۇڭلىنىۋاتقانىدا، سادىق كۆپچىلىكنىڭ زورى بىلەن نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ، يېڭى بىر ناخشىنى باشچى بولۇپ ئېيتىشقا كىرىشتى:

كۆكتە ئۈزەر تولۇن ئاي،
ئەتراپ نۇرغا كۆمۈلدى.
ئانا يۇرتنىڭ قۇچىقى،
خۇشاللىققا چۆمۈلدى.
گۈل سەرخىلى رەناگۈل،
ئەجەب بەلەن ئېچىلدى.
خۇش پۇرىقى دىللارغا،
ئەپار كەبى چېچىلدى.
گۈلنى پۇراپ ياش يىگىت،
ئوي - خىيالغا چۆمدۈڭمۇ؟
سۆيگۈ - پىراق ئوتىدا،
كاۋاپ بولۇپ كۆيدۈڭمۇ؟
ئاشىق يىگىت غەم يېمە،
باققىن ئايغا، ئاسمانغا.
ئاللا ئىگەم يەتكۈزەر،
سېنى ئارزۇ - ئارمانغا...

٭

سادىق كۆپچىلىك بىلەن بىللە بۇ ناخشىنى ئېيتتى، تەرەپ - تەرەپتىن «بارىكاللا! يارايسەن يىگىت» دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى. بىراق ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى «رەناگۈل» دە ئىدى، ئۇ گويا غەمكىن ھالدا چوش

كۆرۈۋاتقاندەك، رەناگۇل بىلەن كەڭ دالادا كېزىۋاتتى.

قىزىقچى مەھەممەت ئاكا سادىقنىڭ رەناگۇل سىرلىرىنى ئەدىنىمۇ بىلسۇن؟ ئۇ ھەدەپ سادىقنى ئۇسسۇل ئويناشقا زورلايتتى. سادىق ئۇنىڭ تەكلىپىنى تەكەللۇپسىز بىلەن رەت قىلدى ـ دە، رۇسۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ـ نېمىشقا ئۇسسۇل ئوينىمايسەن؟ ـ سورىدى رۇسۇل ئەجەب بىلەن.

ـ ئوينىغۇم يوق، ـ دېدى سادىق روھسىزلا.

ـ بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى، كۆڭلۈڭدە بىر دەرد بارغۇ دەيمەن؟

سادىق بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جاۋاب بەرمىدى.

ـ مانا بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش، يا سەن زىيان تارتىپ قالدىغان سودىگەر بولمىساڭ، يا كۆتۈرەلمەيدىغان ئائىلىۋى يۈكۈڭ بولمىسا، يەنە نېمىگە شۇنچە غەمگە چۆكۈپ قالىسەن؟ ـ رۇسۇل ئەجەبلىنىش ئىچىدە كۈچەپلا سورىدى.

ـ ھەي! ... ـ سادىق خۇرسىنىپ قويدى.

ـ سەن، سەن، ـ رۇسۇل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك سورىدى، ـ بىرەر قىزغا كۆيۈپ قالدىڭمۇ نېمە؟

سادىق يەنىلا غىڭ-پىڭ قىلمىدى. رۇسۇل قىزىلدۆۋە بازىرىدىكى قىزلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىر ئاتاپ چىقتى. سادىق ھەممىسىگە باش چايقىدى. ئاخىر قايتا-بايىنىڭ قىزى رەناخان تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ ئاستاغىنا

باش لىڭشىتتى، رۇسۇل ھاڭ-تاڭ قالدى.

— ھەي جىنىم ئاغىنە، سەن بىلەن بىزدەكلەرنىڭ رەناخاننى كاللىمىزغا يولاتمىغىنىمىز تۈزۈك. ئاڭلىشىمچە، قادىر ئۇنىڭغا پات ئارىدا ئەلچى قويغۇدەك، سەن تېخى بىلمەمسەن؟

سادىق شۇئان بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، ئاندىن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. شۇ چاغدا مەسچىت پەشتىقىدىن خۇپتەنگە چىللانغان ئەزان ئاڭلاندى. بوستاندىكى تولۇن ئاي تاماشىسى قىلىۋاتقانلار يۈكۈنۈشۈپ، نامازغا تەييارلاندى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 12. مېھمان كەلدى

رەناخانلارنىڭ ئاشخانىسىدىن دەرغەزەپ بىلەن تىللىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھۇ دەيۇزلەر، ئادەم ئەمەس، ھايۋانلار! — قايىتباي ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا غودۇڭشۇپ، يەرنى تېپچەكلەپ قايناپ كەتتى، — مېنىڭ نېمە كارىم؟ ماڭا زادىلا يوقمايدىغان ئىش - تە! ھەي، بۇ غەلىتە جاھان ئىكەن، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟! ھۆكۈمەت ماڭا غەللە - پاراق، يەر بېجى تاپشۇر، دەيدۇ، ئابىر توپ ھارامتاماقلار بولسا، نېمە، نېمە، ھە، مەدەنىيەت - ئاقارتىش پۇلى بەر، دەيدۇ. ھۇ تۇخۇمى پالاقلار، نەگە ئاپارساڭ ئاپىرىش مۇنداق ئاقماس گېپىڭنى! ئاقارتىش، ئاقارتىش دەپ ۋارقىرىشىدۇ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم ئۇ ئاقارتىش بىلەن!

ئۇ بىر پەس تىللىغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— تىلەك!

— لەببەي، بېگىم!

ئاقساق باغۋەن تىلەك كىرىپ كەلدى. قايىتباي ئۇنىڭغا ئەمدى يەنە ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكىلەر

## 12. مېھمان كەلدى

رەناخانلارنىڭ ئىشىكىدىن دەرغەزەپ بىلەن تىللىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھۇ دەيۈزلەر، ئادەم ئەمەس، ھايۋانلار! — قايىتباي ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا غودۇڭشۇپ، يەرنى تېپچەكلەپ قايناپ كەتتى، — مېنىڭ نېمە كارىم؟ ماڭا زادىلا يۇقمايدىغان ئىش - تە! ھەي، بۇ غەلىتە جاھان ئىكەن، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟! ھۆكۈمەت ماڭا غەللە - پاراق، يەر بېجى تاپشۇر، دەيدۇ، ئابىر توپ ھارامتاماقلار بولسا، نېمە، نېمە، ھە، مەدەنىيەت - ئاقارتىش پۇلى بەر، دەيدۇ. ھۇ تۇخۇمى پالاقلار، نەگە ئاپارساڭ ئاپىرىش مۇنداق ئاقماس گېپىڭنى! ئاقارتىش، ئاقارتىش دەپ ۋارقىرىشىدۇ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم ئۇ ئاقارتىش بىلەن!

ئۇ بىر پەس تىللىغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— تىلەك!

— لەببەي، بېگىم!

ئاقساق باغۋەن تىلەك كىرىپ كەلدى. قايىتباي ئۇنىڭغا ئەمدى يەنە ئاقارتىش تۈيۈشمىسىدىكىلەر

كېلىدىغان بولسا ھەرگىزمۇ ئىشىكتىن كىرگۈزمە، دەپ جېكىلىدى.

قايىستىباينىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن مەريەمخان، ئايشەمخان، ھاشىمخانلار ئىچكەركى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىشىپ تىترىشىپ تۇرۇشاتتى. پەقەت قايىستىباينىڭ ئەتىۋار قىزى رەناخېنىملا كۆللۈكتىن يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— دادا، نېمىگە شۇنچە چېچىلىلا؟

— ھېچ ... ھېچنېمىگە، — قايىستىباي قىزىنى كۆرۈپ، خۇددى پالىلداپ تۇرغان گۈھەرنى كۆرگەندەك، دەرھاللا كۆلدى.

— دېسىلە دادا، كىمنى تىللاۋاتىلا؟ — دېدى رەناخان دادىسىغا خۇددى پاقلاندەك يېپىشىپ ئەركىلەپ.

— ھەي، ئاشۇ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكىلەرگە چېچىلىۋاتىمەن، قىزىم. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە يىغىن، يىغىن دەپلا ئۆتىدۇ.

— ئۇلار يىغىن ئاچسا سىلىگە نېمە دەخلى كەتتى؟

— ئۇلار يىغىننى تۈرمىگە بېرىپ ئاچامدۇ، پۇرمىگە بېرىپ ئاچامدۇ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك. بىراق ئۇلارنىڭ يىغىنى ئاخىر مېنىڭ ھەمىيىنىمغا تاقىلىپ قالدى ئەمەسمۇ.

— ھېچ چۈشۈنەلمىدىم، دادا.

— ئۇلار مېنى شەھەردە تۇسۇۋېلىپ، پۇل ئىئانە قىلسىلا، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە يىغىن-يىغىن دېگەننى، يىغىن ئېچىپ پۇل ئىئانە قىل، دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان. غەلىتە ئىش - تە، ھۇ ئەبلەخلەر.

ئۇلارنىڭ يىغىنى بىلەنمۇ مېنىڭ كارىم يوق، ئەمما ماڭا پۇل ئىشانە قىل، دەپ پۇلۇمنى ئېلىۋالسا بولامدۇ؟

— قانچە پۇل بەردىڭ؟

— ئۇلار بەش تەڭگەمنى ئالدى. بەش تەڭگە ئىككى مىكىيان كېلەتتى-دە! — دېدى قايىتباي بىر قولى بىلەن ھەمىيىنىنى سىيلاپ، بىر قولىنى چىقىرىپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەلەم بىلەن.

— بەش تەڭگە؟ — دېدى رەناخان دادىسىغا ئەركىلەپ، — بەك ئاز بېرىپىلا دادا، كۆپرەك بەرسىلە بولماسمىدى؟

— كىچىك بالىسەن-دە، قىزىم، بىلمەيسەن، دادىڭنىڭ پۇللىرى قان-تەر بىلەن كەلگەن، جۇمۇ.

— بەش تەڭگە ئاتنىڭ بىر ۋاقلىق بوغۇزىمۇ كەلمەيدۇ.

— بولدى، مېنىڭ ئىشىم بار، — دېدى قايىتباي قىزىنىڭ گېپى بىلەن سەل خىجىل بولۇپ ۋە ھاشىخان بىلەن تىلەكنى چاقىرىپ تونىنى، ئۆتۈكىنى سالدۇردى، تومىقىنى ئېلىۋېتىپ، شاپاق دوپپىسىنى كىيگۈزدى، ئاندىن كارىۋاتقا تولتۇرۇپ، ھېسابات دەپتىرىنى ئالدى.

دەل شۇ چاغدا دەرۋازا قېقىلدى. قايىتباي چاققانلىق بىلەن ھېسابات دەپتىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ، تىلەككە:

— ھەر كىم بولسا مېنى يوق دە، — دېدى.

تىلەك ھايال بولمايلا دېڭگۇشلاپ كىرىپ كەلدى-دە:

— سالىباي ئەۋەتكەن ئادەملىرى — دېدى.

قايىتباي سالىباينىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ-دە، ئۆيىدىكىلەرنى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا بۇيرۇپ ئۆزى دەرۋازىغا چىقتى.

كەلگەن مېھمان قىزىل ساقاللىق، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، ئالپتە كېيىنگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ مەزىنى بولۇپ، يەرلىك بايلارنىڭ بىرى ئىدى. قايىتباي ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، كىگىز ئۈستىگە ئوتقاشتەك گىلەم، گىلەم ئۈستىگە كۆرپە سالدۇرۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. خىزمەتكارلار چاي - پاي، مېۋە - چېۋە ئېلىپ كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— بۈگۈن شەھەرگە كىرمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مەزىن.

— كىرىپلا يېنىپ چىقتىم. ئۆيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكىلەر توسۇۋېلىپ، ئىئانە دەپ بىرنەچچە تەڭگەمنى ئېلىۋالدى، ئۇلارغا ئاچچىقىم كېلىپ، شەھەردە تۇرمايلا قايتىپ چىقتىم.

— ھەي، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىۋەرسە چاتاق چىقماي قالمايدۇ. مەنمۇ بۈرۈن بۇنداق ئىشنى ئاڭلىمىغانىدىم.

— ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى قاملاشمىغانلا ئىشلار، مۇشۇ كەمدە ئادەملەرنىڭ نىيىتى ئالىلىشىپ كەتتى. ئاشۇ بىر توپ ئالۋاستىلار ئالانىڭ ئىرادىسى بىلەن

ئالەمنى مالەم قىلغىلى كەلگەنمىكىن، — دېدى قايىت-باي ھەربىرىدەك غوڭشۇپ.

— ھېلىقى يىلى ئىنقىلاب-پىنقىلاب قىلىمىز دەپ، ئۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ئەمدىلىكتە كالتە چاپان كىيىپ، چاچ قويۇش ئەدەپ قالدى. ئەر ئەرگە، ئايال ئايالغا ئوخشىماي قالدى. خەقلەر قۇرئاننى تاشلاپ، پەنگە يېپىشتى. ئاللانىمۇ كۆزگە ئىلىشمەسدى. بۇ كاپىرلار راستتىنلا ئىسيان كۆتۈردى، — دېدى مەزىن بىلەرمەنلىك بىلەن.

— ھەي، ئۇلار ئاقىۋەت ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

— بولدىلا، ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلىپ ئېغىزنى ئۇپراتمايلى، — دېدى مەزىن گەپنى يۆتكەپ، — رەناخېنىمنىڭ مىجەزى خېلى ئوبدان بولۇپ قالدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئوبدان بولۇپ قالدى.

— رەنا خېنىم بويىغا يەتتى، ئەمدى سىلەرنىڭمۇ ئاللا ئالدىدىكى قەرزىڭلارنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى.

— بەرھەق، بەرھەق، — دېدى قايىتباي سىپايىلىك بىلەن.

— قىز چوڭ بولسا، ياتلىق بولىدۇ، ئوغۇل چوڭ بولسا، ئۆيلىنىدۇ، ئەمما، كۆڭۈلدىكىدەك قىز، كۆڭۈلدىكىدەك ئوغۇلنى تاپماق بەسى مۇشكۇل، — دېدى مەزىن چايدىن بىر ئوتلاپ، — بۈگۈن مەن رەناخېنىمنى سوراپ كەلدىم. سالىباي يۇرتىمىزدىكى چوڭ زەردار، ئۇنىڭ

ئالتۇن - ياقۇتلىرىنى ئەلۋەر بىلەن تېگىشىپ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بۇ ئۆزلىرىگىمۇ ئايان. ئۇنىڭ قالسا دېگىنى يالغۇز بىرلا ئوغلى بار، ئۇ ئەقىللىك، زېرەك، كېلىشكەن يىگىت ھەم سىلىق - سىپايە، ئەدەب - يوسۇنلۇق. سالىباي ئوغلىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلايدۇ، ئۇ قەشقەردىكى تېپىلماس بەلەن يىگىت. ئۇمۇ چوڭ بولدى، سىلىنىڭ رەناخانىمۇ بويىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىر رەناخاننى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن. ئىككى ئائىلە بىر - بىرىڭلارغىمۇ تازا باپ. مەن ئوتتۇراڭلاردا كۆۋرۈك بولسام، ئىككى ئائىلە قۇدىلىشىپ قالساڭلار ساۋاب ئەمەسمۇ؟

قايىمتباي زەردار سالىباينىڭ نامىنى ئاڭلاپ، خۇشلۇقىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. مەزىننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى زەمزەم ئىچكەندەك يايرىتىۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئىشقا يۈزمىڭ مەرتە رازى ئىدى، ئەمما قىزىم رازى بولماي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، رازىلىقىنى ئەگىشىپ بىلدۈرۈپ:

— بۇ بەك بەلەن ئىش ئىكەن. ئەمما مەن بالىنىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، ئېنىقراق جاۋاب بېرەي، — دېدى.

— ئەلۋەتتە بۇ بىر ياخشى پۇرسەت، مەزلۇم بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىرى تۈزۈك، — دېدى مەزىن ۋە خوشلىشىپ قايتتى. قايىمتباي مەريەمخان بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە مەخپىي پاراڭ قىلىشتى.

ئەتىسى رەناخان گۈللۈكنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ھاشىخان مەزىنىنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تۇساتتىنلا دەپ سالدى. رەناخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىيالغا چۆمدى: ئەلچىنى سادىقنىڭ دادىسى ئەۋەتكەنمىدۇ؟ ھاشىخان خاتا ئاڭلاپ سالىبايىنىڭ ئەلچىسى دەپ قالغان ئوخشايدۇ. سالىبايىنىڭ ئوغلى نەچچە خوتۇن ئالغان بىر نىمە، ئەلچى چوقۇم ئۇنىڭكىدىن كەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 13. خۇشلۇق ئىچىدىكى خاپىلىق

پۈتۈن قىزىلدۆۋە بازىرىدا موزدوزنىڭ ئوغلى سادىق بىلەن قەمبەرخاننىڭ سىڭلىسى ئاجىخان توي قىلماقچى بوپتۇ، دېگەن خەۋەر كەڭ تارقالدى.

سايىتاخۇن بىلەن ئايخان مۇشۇ كۈنلەردە ئوغلىغا ئۇقتۇرماي بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئىككىيلەن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ تويلۇق رەخت - پەخت ئېلىشاتتى، ئۇن، گۈرۈچ تەييارلايتتى، قولۇم - قوشنىلارنىڭ مۇبارەكلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇلار ئۆينىمۇ قىقىشتۇرۇپ، تۈزەشتۈردى، كىيىم - كېچەكلەرنىمۇ ئايخان يۇيۇپ، دەزماللاپ، چىرايلىق قاتلىدى.

بۈگۈنمۇ سايىتاخۇن بازاردىن نۇرغۇن رەخت ئېلىپ كەلدى، ئۆي ئىچى ئالا - يېشىل بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە قوشنا ئايالمۇ ياردەملەشكىلى كىردى. دەل شۇ چاغدا سادىق قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ پاي - پېتەك بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى، ئۆينىڭ ئالىيېشىل رەختلەرگە تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئانىسىدىن تەئەججۇپتە سورىدى:

— ئانا، بۈگۈن بەكلا ئالدىراشقۇ؟

— ئەمدى كەلدىڭمۇ، ئوغلۇم، — دېدى ئايخان

رەخت ئۆلچەۋېتىپ، — بۈگۈن مەن شۇنداق ئالدىراش.
— زادى نېمە ئۈچۈن؟
— سورىمايلا قويسىلا، ئوغلۇم، — دېدى ئايخان يەنىلا كۈلۈپ، — سىرتتا بىر نەچچە داشقازان بار، ئۆيگە ئېلىپ كىرسىلە.
— ئانا، ئاۋۋال دېسىلە، بۇ زادى نېمە گەپ؟ — دېدى سادىق تېخىمۇ تەئەججۈپلىنىپ.
— ئوغلۇم نىمانچە گاللىۋاڭلىق قىلىدىغانلا، ئەتە سىلىنىڭ خۇشلۇق كۈنلىرى، ئەمدى سىلىنى كۈتىدىغان ئاياللىرى بولىدۇ.
— ئانا، ئۇ كىم؟ — سادىق بىر ئاڭلاپلا ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى، — نېمىشقا ماڭا بۇرۇنراق دېمىدىلە؟
سادىق گاڭگىراپ، قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى: بەلكىم رەناخاندۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولاتتى؟ بىراق، ئاۋادا رەناخاندىن باشقىسى بولۇپ قالسا، تۈگەشكىنىم شۇ.
ئۇ ياغاچتەك مىدىر-سىدىر قىلماي تۇراتتى. چىرايىدا تىت-تىتلىق ۋە بىئاراملىق ئەكس ئېتەتتى. شۇ چاغ بىر قوشنا موماي ئېغىز ئاچتى:
— ياش يىگىتلەر توي قىلىدىغان كۈنلەردە مۇشۇنداق ئارتىنچاق بولۇپ قالىدۇ، ئېچىدە خۇش بولسىمۇ تېشىغا چىقارمايدۇ، — ئۇ سادىققا ئىشارە قىلدى، — يېنىمغا كەلسىلە سادىقجان بالام، مەن كېلىننىڭ كىملىكىنى دەپ بېرەي، كۆڭۈللىرىنى بىر خۇش قىلىۋېتەي.

سادىق ئورنىدىن قىمىرلىماستىن پەقەت نەزەرىنى ئاشۇ مومايغا ئاغدۇردى. موماي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كەلگۈسىدىكى مەھبۇبلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى باقىسلا قىلىپ؟ ئۇ سىلە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى.

— چوڭ ئانا، — دېدى سادىق تىترەك ئاۋازدا، مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىنى بىلەن، كۆڭلىدە چوقۇم رەناخان، دەپ پەرەز قىلدى.

— سىلىنىڭ مەھبۇبلىرى ھاسىدىنىڭ قېيىن سىڭلىسى، قەمبەرخاننىڭ سىڭلىسى تاجىخان بولىدۇ. قانداق، ياقتۇرامىلا؟ — دېدى موماي.

سادىقنىڭ قەلبى گويا بىر قاچا ئوتقا ئىچىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن، نەشكىتىن ئېچىلىپلا سىرتقا چىقتى ۋە بىر قارا تالانى تېپىپ ئۆيگە كىرىپ، تالىنى بويىنىغا سالدى، ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

— ئانا، ئوغۇللىرىنى كەچۈرگەيلا، مەن ئۆيلەنمەيمەن، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن بۇ ئالەمدىن بويتاق ئۆتۈشكە رازىمەنكى، زادىلا ئۆيلەنمەيمەن!

بۇ ئاللانىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىش ئىدى. مۇنداق شەكىلدە قەسەم قىلىنغاندا، ھېچقانداق كىشى قەسەم قىلغۇچىنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرالمايتتى، ئۇنى توسۇيالمايتتى. بولمىسا قادىر ئاللا ئاشۇ توسقۇچىلارنىڭ بېشىغا بالا - قازا ياغدۇراتتى. ئايخان ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقىمۇ ئىمكان

بولمىغاچقا، تىتىلداپ، بېشىنى ئۇتقىنچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئانا، مېنى زورلىمىسىلا، — دېدى سادىق يىغلاپ، — مېنى يەنە زورلىسىلا، مېنى باققان ئەجرىلىرىنى يەردە قويىمەن.

ئۆيدىكى ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى، ئۆيدە يىغا ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. شۇچاغ سايىتاخۇن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرىدا يېڭى ئۆيگە كىرەكلىك نۇرغۇن نەرسە بار ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغلى-نىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى-دە، چۆچۈپ، قولىدىكى ھەممە نەرسە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان قارا تانا ئۇنىڭغا بولغان ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ گەپ-سۆزمۇ قىلماس-تىن سىرتقا چىقىپ، مەھەممەت ئاكىنى تېپىپ كەلدى.

— سادىق، سادىقجان، تانىنى تېزدىن بوشات. بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇكا. ئورنۇڭدىن تۇر، داداڭغا بىر قاراپ باققىنا! — مەھەممەت ئاكا سادىقنى كۆرۈپلا شۇنداق دېدى.

سادىق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇرۇلۇپ دادىسىغا قارىدى. سايىتاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئېقىۋاتاتتى. سادىق ئاتا-ئانىسىنى زىيادە ئاۋارە قوي-غانىدى. ئۇ بويىنىدىكى تانىنى بوشىتىپ، دادىسىنىڭ قې-شىغا كەلدى-دە، ئەلەم بىلەن ئۇنىڭ مۆرىسىگە ئېسىلدى.

— ئوغلۇم، — دېدى سايىتاخۇن تىترەك ئاۋازدا، — ئەتە توي بولىدىغان كۈن. سەن كىمنى ياقتۇرىسەن؟

كۆڭلۈڭدىكىنى دېگىن، مەن ئامالسىز ئۇلارغا بولىدىغان، مەن ئەتە جامائەتنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن.— ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئوغلىنىڭ بېشىنى توختىماي سىلايتتى.

سادىق كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دەل شۇ چاغدا رۇسۇل كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، سايىتاخۇن بىلەن مەھەممەت ئاكىنى سىرتقا باشلاپ چىقىپ، ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئاندىن جۇر، ئايلىنىپ كىرەيلى، دەپ سادىقنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

رۇسۇل بىلەن سادىق خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن سايىتاخۇن ئۆيگە كىردى. ئۇ توختىماي ئۇياق - بۇياق ماڭاتتى. ئارقىدىن مەھەممەت ئاكا ئۆيگە كىردى ۋە:

— مېنىڭ ماڭغان يولۇم بىكارغا كەتتى — دە، ھەي، ئاسماندىكى ئايغا بىزنىڭ قولىمىز قانداقمۇ يەتسۇن؟— دېدى.

— نۇ زادى كىمنىڭ قىزىنى ياقتۇرىدىكەن؟ — سورىدى ئايخان ئېرىنىڭ نېمە كېلىپ.

—قايسىبىر بىنىڭ قىزى رەنا خېنىمنى! — دېدى مەھەممەت ئاكا.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. بايا كىشىلەرنىڭ قولىدا يەلپۈلدىگەن ئالا - يېشىل رەختلەرمۇ گويا بىردىنلا قىممىتىنى يوقاتقاندەك، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا چېچىلىپ جىمىدە ياتاتتى.

## 14. سالى باينىڭ سوۋغىتى

يەتتە چاقىرىملىق دەريا بويىدىكى چارباغ ۋە ھەشەمەتلىك ئىمارەتنىڭ ئىچى-تېشى بۈگۈن بىلەكچىلا ئالدىراشچىلىقتا چۆمدى. باغۋەن قاق سەھەردىلا گۈل-گىياھلارنى قىرقىپ-تۈزەپ، باغ ئىچىنى گۈل قىلىۋەتتى. ئايال خىزمەتكار ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، ئۆيلەرنى تۈزەشتۈردى. ئايال خوجايىن بولسا ئاشخانىدا مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن پولۇغا تەييارلىق قىلدى. رەناخانمۇ دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق ياساندى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ-چىقىپ، ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتاتتى.

قايىتباي بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇ تاڭ ئاتار-ئاتمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى تاراپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، بېلىگە بەلباغلىق باغلىدى. ئۇ بىردەم ئاشخانىغا، بىردەم مېھمانخانىغا كىرەتتى-يۇ، خۇددى مۆكۈنىدەك چېچىپ يۈرۈپ، خىزمەتكارلارنى ھەيلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا بۇيرۇيتتى.

قوزى چۆش بولاي دېگەندە يىراقتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاقساق باغۋەن قولىدىكى قايچا-پايچىلىرىنى قويۇپ، ئاقساقلىغىنىچە دەرۋازىغا چىقىپ قاراپ باقتى-دە، دەرھاللا قايتىپ مېھمانخانىغا كىرىپ:

— كەلدى، مېھمانلار كەلدى، يەتتە — سەككىزدەك ئادەم، — دېدى خوجايىنغا.

پىششىقلىقتا داڭق چىقارغان قايىتباي دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، باغۋەنىنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازىغا چىقتى.

كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ياشانغانلار بولۇپ، بەزىلىرى قاما تۇماق، بەزىلىرى دوپپا كىيگەن، بەزىلىرى سەللە ئورىغانىدى، بەزىلىرى ئاپئاق چاڭگا ساقاللىق، بەزىلىرى ئۆچكىدەك شالاڭ ساقاللىق ئىدى. ھەممىسى ئىسىل كىيىنىشكەنىدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قايىتباي بىلەن سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن ئاتلىرىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردى. ئىلەك ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئوقۇر تۈۋرۈكلىرىگە باغلىدى. مېھمانلارنىڭ ئاتلاردىكى يۈك - تاقلارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

مېھمانلار قايىتباينىڭ باشلىشىدا مېھمانخانىغا كىرىپ، ئىشىك تۈۋىدە كەشلىرىنى سېلىپ، تاۋار كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئىلەك يۈك - تاقلارنىمۇ ئەكىرىپ قويدى. مېھمان ۋە ساھىبخان دۇئادىن كېيىن پاراڭغا چۈشتى.

رەناخان — بۇ سەبىي، ئاق كۆڭۈل قىز بۈگۈن زادى نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە كەلدى - دە، ئىچكىرىگە قارىدى. ئۇ ئالىتە كىشىدىكەن مېھمانلارنىڭ يېنىدىكى يوغان بوغچىلىرىنى، ئاغزى سەل ئېچىلىپ

قالغان بىر بوغجۇمىدىن چىقىپ تۇرغان ئايالچە قىزىل ئۆتۈكنى كۆردى. ئۇ دادام بۈگۈن نېمە سودا قىلىۋاتقاندۇ، ئۇرلۇق ماللار سودىسى قىلىۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئەجەبلەندى-دە، خۇددى ئۇچقان قۇشتەكلا ئاشخانىغا كىرىپ، كۆرگەنلىرىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى.

مەريەمخان بۈگۈنكى ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلىسمۇ، ئەمما ئېرىنىڭ غەلىتە مىجەزى، كاجلىقى ۋە ھەر قانداق ئىشتا ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەتمەيدىغانلىقى ئايان بولغاچقا، ئارا كىرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى.

مەريەمخان قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مېھمانخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە بېرىپ، ئىچكىرىگە قاراپلا، مېھمانلارنىڭ قىزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئەمما ئۇ قىزىغا راست گەپنى قىلماي، ھېچ ئۇقالمىدىم، دەپ قويدى.

ھاشىمخان مېھمانخانىغا ھېلى چاي-پاي، ھېلى مېۋە-چېۋە ئېلىپ كىرەتتى، بەزىدە خوجايىن بىلەن مېھمانلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپمۇ قالاتتى. ئۇ مېھمانخانىغا ئۆرۈك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە، ئۈچكە ساقاللىق مويسىپىت مېھمان سۆزلەۋاتاتتى:

- سالى باي تولىمۇ خۇشال، رەنا خېنىمنى يۆتكەيدىغان كۈنى داڭلىق سازەندىلەر، ئۇسسۇلچىلارنى چاقىرىپ تويىنى قىزىتىپ ئوت چىقىرىۋەتمەكچى، تېخى ئوغلاق تارتىشىشمۇ ئۆتكۈزمەكچى.

ھاشىمخان ھەر قېتىم بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا

ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، مەريەمخاننىڭ قولىغا يېچىرلاپ دەپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن رەناخاننىڭ [illegible]رانلىقى تېخىمۇ ئاشاتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مېھمانلار گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېيىشتى. ئاندىن يەنە مېھمانخانىغا قايتىپ، تاغارلاردىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، قىممەت باھالىق ناۋار - دۈردۈن، ئەتلەس - شايى، كىمخاپ - دۇخاۋا، گىجىم رومال، ئۈتۈك - مەسە، ئالتۇن زىرە، بىلەزۈك دېگەندەك نەرسىلەر ئوتتۇرىغا دۆۋىلەندى. قايىت بىلەن ھېلىقى ئۆچكە ساقاللىق مويسىپىت قوللىرىغا چوت ئېلىپ ھېسابلاشتى. شۇندىلا مېھمانلار خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى.

مېھمانلار ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا، رەناخان ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ قاتارىدىكى ھېلىقى بىر كۈنى كەلگەن مەزىننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سالىبايىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەريەمخان بىلەن ھاشىمخاننىڭ كۇسۇلداشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىدى - دە، بۇگۈنكى پاتپاراقچىلىقنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدى.

قايىتباي مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ مەريەمخاننى چاقىردى - دە، تويلۇق ماللارنى بىر - بىرلەپ رەتلەپ ساندۇققا سېلىشقا بۇيرۇدى. رەناخان گۈللۈككە چىقىپ، باغۇەن تىلەكتىن سورىدى.

— بۈگۈنكى مېھمانلار نەدىن كەلگەن، ئۇلارنى سالى باي ئەۋەتكەنمۇ؟
— شۇنداق، ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق دېيىشتى.
— نېمە ئۈچۈن كەپتۇ؟ — رەناخان كوچىلاپ سورىدى.
— مەن ... مەن ... مەن بىلمەيمەن، — دېدى تىلەك دۇدۇقلاپ.

رەناخان چۈشەندى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى سىرى، خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيانقى شېرىن خىيالى، ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىرىنى تىترىتىپ كېلىۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلەر بۈگۈن كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى چەكسىز مىسكىنلىككە چۆمۈلدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بەختى ۋەيران بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ دەرد - ئەلەمنى زادىلا بېسىۋالالمىدى، باغدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە بېرىپ، بۇرۇنقى شېرىن ئۇچرىشىشنى ئەسكە ئېلىپ، ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى. شۇندىن باشلاپ، ئۇ يەنە يېتىپ قالدى.

## 15. ئىككى چېكىم نەشە

ھاياتمۇ خۇددى بوران - چاپقۇنغا ئوخشايدۇ، ھېلىلا بوران چىقسا، ھېلىلا كۈن نۇر چېچىلىدۇ، ھازىرلا كۈن ئوچۇق بولسا، يەنە بىردەمدىلا ھاۋا تۇتۇلۇپ بوراننىڭ چىقىپ كېتىدۇ. تاجىخان بىر مەزگىل شېرىن خىيال بۆشۈكىدە ئەللەيلەنگەنىدى، سادىقنىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى خۇددى دەريانىڭ قايتىمىغا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولدى. تاجىخاننىڭ پۇچۇلانغان، پارە - پارە بولغان كۆڭلىنى ھەسرەت كۆيى چىرمىۋالدى. ھامىد ۋە ئەمبەرخان چىرايىغا ئارتىۋالغان ۋاقىتلىق تەبەسسۇم چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆرۈپ - تىللايدىغان، يۈرىكىنى ئېزىدىغان بولدى.

تاجىخان بۇ خورلۇق، دەرد - ئەلەملەرگە زادىلا چىدىيالمىدى. بۈگۈن ئۇ يەنە قاتتىق تاياق يېدى، ئايخاننىڭ قېشىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ يۈرەك ئەلىمىنى تۆكتى، مېنى قاشلىرىدا ئەپقالسىلا، قۇللىرى بولاي، دەپ يالۋۇردى. لېكىن بۇ زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان، شەرىئەتكە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئايخان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپ، قايتىپ كېتىڭ، دەپ

نەسەھەت قىلدى. تاجىخان ئامالسىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ ئىچىدە يىغلاپ كەتتى.

بىردىنلا ھويلىدىن پاراڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئاچىسى يەنە بىرەيلەن بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى تاجىخانغا ئېنىق ئاڭلاندى.

— يېقىندىن بۇيان كەلمەيدىغانلا بولۇپ كەتتىلىغۇ؟ — بۇ قەمبەرخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— پايناپتا خەقلەرنىڭ بىر بېشىنى ئىككى قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدىم، — چىلىمنىڭ كۇرۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاڭلىسام سىڭلىلىرى بىلەن سادىقنىڭ توي ئىشى بۇزۇلۇپتىمىش؟

— شۇنداق بولدى، سايىت دېگەن قېرى ئەبلەخ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى توي ئىشىنى ئۇششاق بالىلارنىڭ ئويۇنىدەك بۇزۇۋەتتى. بۇ ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ — دېدى قەمبەرخان غەزەپ بىلەن.

تاجىخان ئاچىسىنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدى. ئۇ ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چىلىم چېكىۋاتقان چولپانخاننى كۆردى. بۇ دەللە پات-پاتلا بۇ ئۆيگە قىمارۋازلارغا قەرز پۇل بەرگىلى كېلەتتى.

— سىڭلىلىرى بىر ئوبدانلا قىز، بالا تۇرسا، سادىق نېمە دەپ ئۇنىمىغاپتۇ؟ — دەپ سورىدى چولپانخان.

— باشقىلاردىن ئاڭلىسام، — دېدى قەمبەرخان. — سادىق قايسىبايىنىڭ قىزى رەناخاننى ياخشى كۆرەرمىش. قارىسىلا، بۇ بىر ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ — قەمبەرخاننىڭ يۈرىكى كۆرەلمەسلىك ئوتىدا پۇچىلانغاندەك، ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— مەنمۇ شۇنداقراق مىش-مىش گەپنى ئاڭلىدىم، مېنىڭچە بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغانلىق!

— شۇنداق دېسىلە، ئەمما، سادىقنىڭ كۆڭلىنى تاجىخانغا مايىل قىلغۇدەك بىرەر چارە تېپىلارمۇ؟

— چارە-ئامالمۇ بار، شۇغىنىسى قەبىھرەك.

چولپانخان نەشىنى چېكىپ خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغانىدى. تاجىخان گەپنىڭ ئۆزى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ دىققەت قىلدى. چولپانخان ھېلىقى گەپنى قىلغاندا، قولىدىكى چىلىمنى پۇلاڭلىتىپ قويدى، بۇ نەشە توگىدى، دېگەنلىك ئىدى. قەمبەرخان بىلمەسلىككە سېلىپ سورىدى.

— راستىنلا ياخشى ئامال بارمۇ؟ مەن ئۈچۈن بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا، چوڭ ئانا.

— كەلسىلە، يېنىمغا كەلسىلە، — دېدى چولپانخان كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، قەمبەرخانغا قول ئىشارىسى قىلىپ.

قەمبەرخان ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئىككىيلەن قۇلاق يېقىشىپ بىر پەس كۇسۇرلاشتى. تاجىخان ئاخىر ئاچىسىنىڭ ئىككى چېكىمچە نەشىنى چولپانخاننىڭ قولىغا

تۇتقۇزغانلىقىنى، بارمىقىدىكى بىر ئۈزۈكنىمۇ چولپانخاننىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويغانلىقىنى كۆردى.

— مەن ھازىرلا باراي، ئىشنى جەزمەن كۆڭۈلدىكىدەك توغرىلايمەن، — دېدى چولپانخان ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

تاجىخان بەك زېرەك بولمىسىمۇ، ئەمما پات-پاتلا كېلىپ قىمارۋازلارغا پۇل بېرىپ يۈرىدىغان، ۋاتىلداق قېرى جادۇگەردىن بەكمۇ بىزار ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ غەلىتە ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتكەندى. ئۇ ئويلايتتى: سادىق ماڭا كۆڭۈل بەرمىدى، ئەمما مېنىڭ رەناخان بىلەنمۇ ئۈچ-ئاداۋىتىم يوق. ئۇنىڭ مۇشكۈلگە قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزمىسام بولامدۇ؟ بۇ ئىشتىن سادىقنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىنىم تۈزۈك بولار، ئۇ بېرىپ رەناخاننى قۇتقۇزار، بەلكىم سادىق مېنىڭ مۇنداق ئاق كۆڭۈل، ۋاپادارلىقىمدىن تەسىرلىنىپ، ماڭا كۆڭۈل بېرىپ قالار.

تاجىخان ئەنە شۇنداق ئوي بىلەن رومال ئارتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، يان ئىشىكتىن غىپپىدە چىقتى-دە، يۈگۈرگىنىچە ئايخاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى ۋە ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە ئىشىكنى ئۇرۇپ توۋلىدى:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، چاپسان!

ئايخان بىلەن سايىتاخۇن ئىشىكنىڭ جىددىي قېقىلىشىدىن چۆچۈگەندەك بولدى-دە، دەرھاللا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— تاجىخان؟ نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئايخان.

تاجىخان تەرگە چۆمۈلگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان-دى، چىرايى قورقۇنۇچلۇق تۈردە تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ:

— سادىق... سادىقجان قەيەردە؟ — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ تېز دەڭلا، — دېيىشتى ئايىستاخۇن تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ. چۈنكى تاجىخان بۇرۇن سادىقنىڭ ئىسمىنى زادىلا تىلغا ئالمايتتى. قىز-ئوغۇللارنىڭ توي قىلمىز دېيىشىپ، توي قىلالماسلىقى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. مانا بۈگۈن تاجىخان ئۆزىلا سادىقنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

— ئۇ قېنى؟ تېز دېسىلە، تېز، — دېدى تاجىخان رەناخانىنىڭ هاياتىنىڭ قىل ئۈستىدە قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، تىت-تىتلىقتا يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئۇ مەكتەپتە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى ئايىخان ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمەك بولۇپ.

تاجىخان بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئارقىغا ئۆرۈلدى-دە، مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى مەكتەپ تامانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىمكانىقەدەر يېقىن يول بىلەن يۈگۈردى. سايلىق بويىدىكى دۆڭلۈكتىن ئۆتكەندە يىراقتىن كېلىۋاتقان سادىقنى كۆردى-دە، جېنىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

— سادىق! ... سادىق! ...

بۇ ئاجىز ئاۋاز سادىقنىڭ قۇلىقىغا يەتمىدى. تاجىخان توۋلاۋەردى. سادىق ئاخىر بىرخىل ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان تاجىخاننى كۆردى. بۇ تاساددىپىي هال

سادىقنى گاڭگىرىتىپ قويدى. سادىق قانداقتۇر بىرەر پالاكەتنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى، بەلكىم قەمبەرخان كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولسا مېنى ئىزدەپ كەلگەندۇر، دەپ ئويلىدى. ئەمما، خەقلەر كۆ-رۈپ قالسا سەتچىلىك بولار، دەپ تاجىخانغا قارىماستىن يولىغا مېڭىۋەردى.

— سادىق، تېز بۇياققا كەلسىلە، توختىسىلا مېنىڭ سىلىگە گېپىم بار، — دېدى تاجىخان چىرقىراق ئاۋازدا ۋە ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئويلىمىغاندا، ئۇنىڭ پۇتى بىر تال پاتاسقا ئىلىنىپ قېلىپ، كۆلچەك بويىغا دۈم چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا قايرىلىپ قارىغان سادىق ئۇنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، كۆلچەككە چۈشۈپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ يۈگۈرگىنىچە كېلىپ زوڭزىيىپ تاجىخان-نى يۆلىدى. بۇ چاغدا سادىق دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يىراقتا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، تولىمۇ خىجىل بولدى. ئۆرە بولاي دېيىشىگە تاجىخان ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— سادىق، تېز بولسىلا، تېزدىن رەناخاننىڭ ئۆيى-گە بارسىلا. قانچە چاپسان بارسىلا شۇنچە ياخشى، كېچى-كىپ قالسىلا ئىش چاتاق، — دېدى.

— نېمە؟ نېمە؟

— ئاچام چولپانخانغا نەشە بەردى، تېز بېرىپ رەناخاننى قۇتقۇزسىلا، تېز بولسىلا!

— هە؟! راست گەپمۇ؟ — سادىق شۇنداق دېگىنى-چە خۇددى غەزەپلەنگەن شىردەك ئورنىدىن تۇردى — دە،

پۈتۈن كۈچىنى پۈتىغا بېرىپ، ياۋا ئارغىماقتەك چاپقىـ
چە قايتىپ ئايىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتتى. [illegible] دەرگ
بوسۇغىسىدىن ئاتلاش بەسى مۇشكۈل» دېمەك ئۇلار
شىمەتلىك ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك-
نى قېقىپ دەبدەبە بىلەن ئىچكىرىگە كىرىشكە جۈرئەت
قىلالماي، تىت-تىت بولدى. بىراق، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇ-
چىلا ئۇنىڭ خىيالىغا گۈللۈكنىڭ يەتتە چاقىرىملىق دەر-
يا تەرىپىدىكى پاكار تام كەلدى. ۋاقىت جىددىي بول-
غاچقا، ئۇنىڭ خىيالىغا باشقا ئىشلار كەلمىدى. كۆزىگە
ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ بىرلا سەكرەپ تامدىن ئار-
تىلىپ گۈللۈككە چۈشتى، گۈللەر، دەرەخلەرنى دالدا
قىلىپ يۈرۈپ، رەناخان تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ دېرىزىسى تۈ-
ۋىگە كەلدى. ئۇ دېرىزىدىن قاراپ كارىۋاتتا ياتقان رە-
ناخاننى، بىر پىيالە شەربەتنى رەناخاننىڭ ئاغزىغا تەڭلە-
ۋاتقان چولپانخاننى كۆردى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق
ئىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن سا-
دىق بىر سەكرەپلا دېرىزە تەكچىسىگە چىقىپ، قۇشتەك
ئۇچۇپلا ئۆيگە چۈشتى. رەناخاننىڭ لېۋىگە تېگەي دەپ
قالغان پىيالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى شەربەتنى تۆ-
كۈۋەتتى، بارلىقى بىلەن چولپانخاننى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ھۇ، قېرى جادۇگەر! — دېدى غەزەپ بىلەن.

پۈتەيلا دەپ قالغان ئىشنىڭ مۇنداق خاراب بولۇ-
شىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن چولپانخاننىڭ ئۆچى
ئاداپ كەتتى، قورقۇپ تىترەپ، پۈت-قولىدا جان قالمى-

دى. ئۇ چاشقاندەك پىرتتىدە سىرتقا قېچىپ چىقتى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— قاراقچى كەلدى! قاراقچىنى تۇتۇڭلار!

سادىق بۇ ئىش تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان بالا ـ قازانى ئويلاپمۇ تۇرمىدى ـ دە، رەناخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— پەخەس بولۇڭ، ھېلىقى قېرى جادۇگەر سىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان! — دېدى ئالدىراپلا.

سىرتتا «قاراقچىنى تۇتۇڭلار!» دېگەن ئاۋازلار كۆپەيدى. رەناخان چۆچۈدى ھەم شادلاندى. ئۇ سادىقنىڭ قولىنى سىلاپ:

— رەھمەت سىلىگە، تېز قاچسىلا! — دېدى.

سادىق ئۆيگە قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق تېزلىكتە كىرگەن يولى بىلەن سىرتقا چىقتى ـ دە، پاكار تام تۈۋىگە يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، تامدىن ئارتىلىپلا ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ دەريا بويىغا كەلدى. بەزىلىرى مانىپولكىدىن دەرياغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

رەناخان ئۆيدە جىمىدە ھالەتتە ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، سادىق ئۈچۈن ئامانلىق تىلىدى. ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئانىسى بىلەن ھاشىخانغا نەزەرمۇ سالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 16. قىساس ئۇچقۇنى

رەناخاننى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالغان سادىق پاك سەمىمىيلىكى تۈپەيلى ساھىبجامالنىڭ قولىنى تۇتۇشقانىدىل بولدى. شۇندىن ئېتىبارەن، سېغىنىش ئوتى ئۇنى چىرمە-ۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان سەھەردە، ئاسمانغا تولۇن ئاي چىققان ئاخشامدا، ئىچى پۇشقان چاغلاردا رەناخاننىڭ گۈللۈكى قېشىغا — ھېلىقى پاكار تام تۈۋىگە باراتتى-دە، ئۆزى يەككە-يېگانە ھالدا ئۇياق-بۇياققا ماڭاتتى. گەرچە ساھىبجامالنىڭ نۇرانە چېھرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىسىمۇ، ھەر بىر تۈپ گۈل-گىياھ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاز-تولا ئاراملىق بېغىشلايتتى. رەناخانچۇ؟ رەناخان كارىۋاتتا پەرىشان، سولغۇن ھالەتتە، كۆڭلىگە كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان سىر ۋە ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان مۇھەببەتنى پۈكۈپ، كۈن بويى تورۇسقا قاراپ ياتاتتى.

رەناخاننىڭ گۈللۈكىنىڭ ئەتراپىنى ھەر كۈنى سادىقتىن باشقا خېلى كۆپ ئەسەبىي ھەرىلەر، ماكانسىز كېپىنەكلەرمۇ ئايلىناتتى. بولۇپمۇ سالىباينىڭ ھېلىقى سامان قورساق ئوغلى قادىر ھەر كۈنى گۈگۈم چۈش-كەندە بىرنەچچە غالچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە كېلەتتى-دە، خۇددى تۈۋچىنىڭ تايغانلىرىدەك، كۆر-

لىرىنى پارقىرىتىپ تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. بەزىدە مۇسەللەس، بەزىدە سازلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۈللۈككە يېقىن دەرەخلىكتە ئىچىشەتتى، ساز چېلىپ، ناخشا توۋلىشاتتى.

قىياش تاغقا باش قويدى، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. سادىق گۈللۈكنىڭ پاكار تېمى تۈۋىدە كەلگۈسىدىكى بەختى توغرۇلۇق خىيال سۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىگىتلەر ئېيتقان مۇھەببەت ناخشىسى ئاڭلاندى، ئۇ ھەيران قالدى. ئۇ ناخشا ساداسىغا ئەگىشىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، دەريا بويىدىكى دەرەخلىككە كەلدى. دەرەخلىكتە تۆت ـ بەشەيلەن مۇسەللەس ئىچىپ، ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى. ئۇ بىرلا قاراپ، بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ يەردە قادىر — ئۇنىڭ رەقىبى ئولتۇراتتى. ئۇ دەرھاللا ئارقىغا قايتاي دېيىشىگە قادىر كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، موزدۇز، بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ — دېدى قادىر ئۇنى مەستلەرچە زاڭلىق قىلىپ.

سادىق پىسەنت قىلماي، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى. ئەمما قادىر ئۇنىڭ زىتىغا تەگدى.

— بۇ ياققا كەل، دەل پەيتىدە كەپسەن، ئاكاڭنىڭ بەتىنكىسىنى ياماپ بەر.

بۇ گەپ سادىققا ھار كەلدى، ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ، قادىرنى گەپ قىلغىنىغا تويغۇزۇپ قوياي، دېگەن خىيالغا كەلدىيۇ، بىراق ئالدىراقسانلىق قىلىپ، بەكرەك

ئارازلىشىپ قالمايلى، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ھەي، قادىر، بىزنىڭ ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتىمىز يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمانداق زەھەردەك گەپ قىلىسەن؟ — دېدى.

— سەن خەقنىڭ ئىككى پۇتىغا تايىنىپ جان باقىسەنغۇ؟ دېگەنلىرىم ئەمەلىي گەپ، بۇنىڭغا نېمانداق چىچاڭشىپ كېتىسەن؟

— مەن موزدۇزلۇق قىلسام ساڭا نېمە دو كەتتى؟

— موزدۇز ئىكەنسەن، ئايىغىمنى ياماپ بەر دېسەم، نېمىسى يامان؟

— مەن بۇ يەرگە ئايىغىڭنى ياماشقىلى كەلمىدىم-دە.

— ئۇنداقتا نېمىگە كەلدىڭ؟

— بۇ يەر باشقىلار كەلسە بولمايدىغان سېنىڭ يېرىڭمۇ؟

— باشقىلار كەلسە مەيلى، سەنلا كەلسەڭ بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— موزدۇزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ.

— موزدۇزلۇق كەسىپ ئەمەسمۇ؟

— كەسىپ، ئەمما بەك پاسكىنا كەسىپ.

— كۆتۈر بۇنداق گەپىڭنى! — دېدى سادىق غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تاي-

نىپ كۆن كەچۈرۈش — ئەڭ توغرا، ھالال ئىش. بىز خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋالمايمىز، بۇلىۋالمايمىز، نامراتلارنى شىلىۋالمايمىز، بىر تال دان، بىر تامچە سۇنىمۇ ھالال تەر بىلەن تاپىمىز، ئۇنى قانداقمۇ پاسكىنا ئىش دېگىلى بولسۇن؟

— بىزنىڭ تاپىنىمىز ئاستىدىن تاپقان پۇل پاسكىنا ئەمەسمۇ؟

— ھالال ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى كىممۇ پاسكىنا دېيەلىسۇن؟ جازانىخورلۇق، دېھقانلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى پوپوزا قىلىپ تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى قاقشال دەرەخكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆز قورسىقىنى بورداشنى پەسلىك دېسە بولىدۇ!

— ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى، سەن كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — قادىر ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يالاقچىلىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ئۇرۇڭلار بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكىنى! — ئىككى يالاقچى يەڭلىرىنى شىمايلاپ ۋارقىرىدى.

— باشقىلارنى شىلىۋالغۇچىلار ئىت كۈچۈكى، سەۋەبسىزلا باشقىلارنى چىشلىگۈچىلەر غالجىر ئىت!

— ناھايىتى ياخشى، قانغۇدەك تىللىۋالدىڭ، — دېدى قادىر قولىنى سادىققا شىلتىپ، — نوچى بولساڭ يېقىن كەل، قاچما، ئاكاڭنىڭ مۇشتىنى تېتىپ باق!

سادىق شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇلارغا نەق كېلەلمەيدىغانلىقى، ئۇ ھارامتاماقلار بىلەن سوقۇشۇشنىڭ ئەرزىمەس

ئىشلىقىنى ئويلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى — دە، دەرەخلىكتىن قايتىپ چىقتى.

— خەپ توختاپ تۇر، سەن لالما كۈچۈككە بىر كۈنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام!

سادىق خېلى ئۇزاپ كەتكەندىمۇ دەرەخلىكتىن تىللىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. قاراڭغۇ چۈشكەن، كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ ئۆيگە قايتىشى كېرەك ئىدى.

## 17. ھەزرەت سەيلىسى

ئالتىنچى ئاي كىرىپ، تومۇز ئىسسىقى باشلاندى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە، پايانسىز قۇملۇققا تۇتاش قەشقەردىكىلەر ھەر شەنبە كۈنى ھەزرەت سەيلىسى قىلاتتى.

ئاپاق خوجا مازىرى مەسچىت بىلەن بىر يەردە — قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ھەر يىلىلىق ھەز-رەت سەيلىسى زىرائەتلەر پىشاي دەپ قالغان، دېھقانلار بىر ئاز ئاۋۇسالدى چاغدا بولاتتى. شۇڭا يېقىن - يىراق-تىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەيلىگە قاتنىشاتتى. ئەرلەر، ئاياللار ئايرىم - ئايرىم ھالدا توپ - توپ بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن ھەزرەتكە ئاقاتتى، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدى تەرەپ-تىكى بوشلۇققا يىغىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى، ھاجىلار، سو-پىلار ئۆز مۇرتلىرىنى چوڭ جامەگە توپلاپ ئىبادەت-تىلاۋەت قىلاتتى ياكى كەڭ سەينادا ۋەزخانلىق قى-لاتتى. ھەممە ياقنى ھۆپىگەرلەر، چايچىلار، كىگىز، گىلەم، پالاس، بەلباغ، قۇۋا، دوپپا - تۇماق، سامسا، پەرمۇدە، گىردە ساتقۇچىلار، لەڭپۇڭچىلار قاپلاپ كې-تەتتى. تولا يامالغان ھەر خىل كىيىم كىيگەن تىلەمچى-لەر «ھەق دوس» دېيىشىپ، پۇل - پىچەك تىلىشەتتى؛ «تۆۋە گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى» دەپ تۇۋلىشاتتى.

سەيلىچىلەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېتەتتى، ئۇياققىن ـ بۇياققا ئۆتۈشىدىغان مەيدانلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. بۇ ھال تاڭ سەھەردىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكەنگە قەدەر داۋاملىشاتتى.

سەيلىچىلەر بۇ كاتتا سەيلىدە كۆڭۈللىرىنى قانغۇدەك ئېچىش ئۈچۈن، ساز ـ پازلىرىنى ئېلىپ كېلىشەتتى، ساز قىلاتتى، ناخشا توۋلىشاتتى. مەدەنىيەتلىك بەزى كىشىلەر بولسا مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەشرەپمۇ قىلىشاتتى.

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ كۆل بولۇپ، كۆل ئەتراپى يايپېشىل چىمەنلىك ئىدى. مانا شۇ يەردە مەشرەپ بولۇۋاتاتتى. بۇلار ئاساسەن مائارىپچىلار بولۇپ، بەزىلىرى داپ، بەزىلىرى راۋاب، بەزىلىرى دۇتار چالاتتى، بەزىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا سەيلىچىلەر مىغىلدايتتى.

سەيلىچىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر پاكار، سامان قورساق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا قامچا، ئارقىسىدا تۆت ـ بەش غالچا بار ئىدى. سامان قورساق قىستىلىپ يول ئېچىپ، مەشرەپچىلەر سورۇنىغا يېقىن كەلدى ـ دە، مەشرەپ كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ غالچىلىرىمۇ ئۇنىڭ قويرۇقىدەك بىللىلا ئىدى. ئۇلار خۇددى قاراقچىلاردەك، يوغان قورساقنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

مەشرەپچىلەر قاتارىدا ئىككى يىگىت پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى سامان قورساقنى كۆردى ـ دە، يېنىدىكى يىگىتكە پىچىرلىدى:



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— رۇسۇل، قارىغىنا، قادىر دېگەن ئەبلەخ كەلدى، مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي.

— سادىق، ئۇنىڭدىن نېمانچە قورقىسەن؟ بۇ يەردە ئادەم كۆپ، ئۇ بىشەملىك قىلماس! — دېدى رۇسۇل.

سادىق قادىر بىلەن بىكاردىنلا سوقۇشۇپ قالماي، ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي، دەپ ئويلىدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئەمما ئۇنى قادىر كۆرۈپ قالدى.

قادىر غەزەپ بىلەن سادىققا تىكىلدى، يېنىدىكى غالچىلىرىنى نوقۇپ، ئاغزىنى ئۈچلاپ، ئۇلارغا ئىما-ئىشارەت قىلدى، بەش-ئالتە جۈپ كۆز تەڭلا سادىققا قادالدى.

سادىق ئۆز ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن قايتىدىن ئولتۇردى.

مۇزىكا توختىدى، ئۇسسۇل، ناخشىمۇ توختىدى، چاي ئۇتۇشمۇ ئاياغلاشتى. ھايال ئۆتمەي كۈنمۇ پاتتى. بۇ چاغدا قادىرمۇ غايىب بولدى. سادىق، رۇسۇللارمۇ ساز-پاز، چىنە-چەينەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىشقا تەرەددۇتلاندى.

— رۇسۇل، سەن مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى قادىردىن قاچۇرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دېدى سادىق.

— ئۇ سېنىڭ ئالباقچى بولغان قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭنى بىلەمدۇ؟ — دېدى رۇسۇل ئىشەنچ بىلەن.

— بۇ باشقا گەپ، ئەگەر رەناخان ئۈچۈنلا بولسا

مۇنچىۋالا ئېغىر ئەھۋال بولمايتتى.
— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئۆچ-ئاداۋىتىڭ بارمۇ؟
— بار، دوستۇم، بار!
— قاچاندىن بۇيان؟
— دەسلەپتە رەناخان ئۈچۈن ئۆچ بولۇپ قالدۇق. ئۇ ماڭا زومىگەرلىك يولى بىلەن تاقابىل تۇردى؛ كېيىن ئۇ رەناخان بىلەن توي قىلىشقا ماقۇللاشتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئاسادىپەن تىللىشىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆچمەنلىك تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.
—مۇنداق دە! رەناخاننى دەپ تىللىشىپ قالدىڭمۇ؟
— رەناخانىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشى باشقا بىر گەپ، مېنىڭ رەناخاننى ياخشى كۆرۈشۈممۇ يەنە بىر باشقا گەپ، ئىككىمىزنىڭ تىللىشىپ قېلىشى بۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس.
سادىق دوستىغا ھېلىقى كۈنى رەناخانلارنىڭ كۆل-لۈكى يېنىدا قادىر بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقى ۋە كېيىن بولغان ئىشلارنى يېپىدىن-يىڭنىسىگىچە سۆز-لەپ بەردى.
— ھە، ئەسلى گەپ مۇنداقكەن-دە، قادىر دېگەن بۇ ئەبلەخ ئۇخۇمىدىن تۇلۇك ئۇندۇرۇپ، جېدەل تېپىپلا يۈرىدىغان كۆكەرمە. شۇڭا پەخەس بولغىنىڭمۇ خوپ.
ئۇلار سۆزلەشكەچ ئات ھارۋىسى توختىتىپ قويۇل-غان يەرگە كەلدى، ئۇلار ھارۋىغا ئولتىرۇپ قىزىلدۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى

ۋمگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار كېلىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن بىر ئات هارۋىسى ئۇچقاندەك قوغلىشىپ كەلدى، پوش - پوش دېگەن ئاۋازلار بارغانچە يېقىنلاشتى. روسۇل بىلەن سادىق ئارقىسىغا قاراپ، هارۋىنى هەيدەپ كېلىۋاتقان قادىرنى كۆردى - دە، ئەگەر ئۇلار يېتىشىۋالسا، بىر مەيدان قاتتىق جەڭگە - جېدەلنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ، دەپ ئويلاپ، هارۋىنى ئىتتىكلەتتى. ئىككى هارۋا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

چاقلار، ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئەتراپىنى قاپلىدى، تۇياقلار، قوڭغۇراقلارنىڭ، قامچىنىڭ ئاۋازى «پوش - پوش» دېگەن ئاۋازلار بىلەن قوشۇلۇپ قۇلاقنى زىڭىلدىتاتتى. ئۇلار قىزىلدۆۋىگە يېتەيلا دەپ قالدى، دەل شۇ چاغدا قادىر سادىقلارغا يېتىشىۋالدى. قادىر هە دېگەندىلا هارۋىسىنى توختىتالمىدى - دە، هارۋىسىنىڭ چاقى سادىق ئولتۇرغان هارۋىنىڭ چاقىغا قاتتىق ئۇرۇلدى، هەر ئىككى هارۋا ئۆرۈلدى. هارۋىدىكىلەر قاڭقىپ، موللاق ئېتىپ چۈشتى.

قادىرنىڭ باش - كۆزىنى تاش تىلىۋەتتى، ئۇنىڭ بىر غالچىسىنىڭ پۇتى سۇندى، سادىق يول بويىدىكى ئېتىزلىققا چۈشكەن، هېچ يېرى بىر نەرسە بولمىغانىدى. قادىرنىڭ ساق قالغان غالچىلىرى ئۆمىلەپ قوپۇشۇپ، پىچاقلىرىنى چىقىرىپ، سادىقنىڭ هارۋىسى قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

يولدا يولۇچىلار مىغ - مىغ ئىدى. ئۇلار هارۋا

سوقۇلۇپ يارىدار بولغانلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە كېلىشتى. سادىق تەييارلىنىپ تۇرغانىدى، ئۇ ئۈچۈپ بېرىپ تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەي، ھارۋىمىزنى سوقۇپ ئۆرۈۋېتىپ، يەنە تېخى پېچاق كۆتۈرۈپ قوپامسىلەر؟ — دېدى ئەمدىلا ئورنىدىن قوپقان رەسۇل چىلبۆرىدەك خىرىس قىلىپ تۇرغان غالچىلارنى كۆرۈپ.

— بىزنىڭ سەن بىلەن چاتىقىمىز يوق، سادىق دېگەن ھارام كۈچۈك قېنى؟ — دېدى غالچىلار ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارىشىپ.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئۆچ - ئاداۋىتىڭلار بار؟ ئۆچ - ئاداۋەت بولغاندىمۇ خەلقئالەم ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرەمسىلەر؟ — دېدى رەسۇل.

رەسۇل بىلەن ئۇلار دەتالاشقا چۈشكەندە، ئەتراپتىكىلەر ئارىغا چۈشۈپ نەسىھەت قىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام بولدى.

كۆپچىلىك تارقىلىشقا باشلىغاندا، قادىر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— خەپ توختاپ تۇر، جاچاڭنى بېرىدىغان كۈنىمۇ كېلەر!

## 18. قەستكە ئۇچراش

رەناخان تويىنى ئارقىغا سوزۇۋەردى، قادىر تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇ بىرەر ئامال كۆرسىتەر، دېگەن ئۈمىدتە چولپانخاننىڭ قېشىغا كەلدى.

بۇ قېرى جادۇگەر قەستىنى سادىق بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ، قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز پۇتى بىلەن ئىشىكىگە كەلگەن قادىر بايۋەچچىنى كۆرۈپ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى-دە، ھەدەپ ئۇنى قوتراتتى. ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ:

— غوجام، سىلى تېخى بىلمەمىلا؟ رەناخاننىڭ تويىنى ئارقىغا سوزۇشىدا سەۋەب بار، — دېدى.

— سەۋەب بار؟ قېنى دەپ باقە، — دېدى قادىر ئالدىراپ.

— سىلىگە دېسەم بولمايدۇ، بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسىلا مەن بالاغا قالىمەن.

— دەۋەر ساڭا ھېچ گەپ كەلتۈرمەيمەن، — دېدى قادىر ۋە ھەمياندىن بىر نەچچە كۈمۈش تەڭگە چىقىرىپ چولپانخانغا تۇتقۇزدى، — دەۋەر، مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن.

— ھى ... ھى ... ھى ! — چولپانخان قولىدىكى يامبۇلارغا قاراپ بىر پەس ئويلاندى، — سىلە راستىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رەناخان بىلەن توي قىلىشنى ئويلامدۇ؟

— ھەي، چوڭ ئانا، نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرۈيدىغان سەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئويلىمىسام، سېنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىم؟

— غوجام، سىلە ماڭا شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىللا، بوپتۇ، دەپ بەرسەم دەپ بېرەي، — چولپانخان قولىدىكى تەڭگىلەرنى يانچۇقىغا سېلىپ، دەرھاللا جىددىي قىياپەتكە كىردى، — ئەمسە، سىلە ئاۋۋال سادىقنى كۆزدىن يوقاتسىلا.

— سادىقنى كۆزدىن يوقاتسىلا؟ — قادىرنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ كەتتى.

— شۇنداق، غوجام. ئۇ رەناخانغا خەت يېزىپ، سىلىنىڭ ئۇرغۇن يامان گەپلىرىنى قىپتۇ، — دېدى چولپانخان سائىرلىسىغا بىر ئۇرۇۋېلا گەپ تېپىپ.

— سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى قادىر جىددىيلىشىپ.

— مەن پات-پاتلا رەناخاننىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرىدىغان تۇرسام، بىلمەي قالامتىم؟

— ھە، — قادىر بىر پەس خىيالغا چۆمدى، — رەھمەت ساڭا، ئەمدى ئۇ ھارام كۈچۈكنىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىدىغانلىقىمنى كۆر.

قادىر چولپانخان بىلەن خوشلاشتى-دە، دەرھاللا ئۆيىگە قايتىپ، ئون نەچچە لۈكچەكنى توپلىدى. ئۇلار بىر پەس مەسلىھەت قىلىشىپ، كەچتە قىلىدىغان ھەرىكەت پىلانىنى تۈزدى.

قۇياش پەتتە چاقىرىملىق دەريانى قىزىل قانغا

بويىغانىدى. قىزىلدۆۋە بازىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلەر ئاستا-ئاستا كەچكى شەپەققە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. سادىق كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئۆيدىن چىقتى-دە، ئاستا ئىسقىرتقىنىچە قايىندىسايىنىڭ گۈللۈكى تامانغا قاراپ ماڭدى.

ئۇپۇق سىزىقىدىكى قىزغۇچ بۇلۇتلار كۈل رەڭگە ئايلاندى. سادىق گۈللۈكنىڭ پاكار تېمى تۈۋىگە يېقىنلاشقاندا، تۇساتتىنلا دەرەخلىكتىن بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە ئېتىلىپ چىقتى-دە، بىرى سادىقنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، يەنە بىرى ئۇنى ئارقىسىدىن كېلىپ قوللىرى بىلەن قېتىپ قاتتىق قۇچاقلىۋالدى. يەنە بىر ئەبلەخ بولسا پىچاق چىقىرىپ، سادىققا تىقتى. سادىق بىرەر ئېغىزمۇ ۋارقىرىيالمىدى-دە، چىمەنلىككە يىقىلدى. ئۇنىڭدىن ئاققان قان چىمەننى قىزىل بوياۋەتتى.

ھېلىقى قارا كۆلەڭگىلەر مەقسەتكە يېتىپ بولۇپ، پىچاقنى دەرياغا چۆرۈۋېتىپ، كۆۋرۈك بىلەن پاختەكلى تەرەپكە كەتتى.

ئارىدىن بىر چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، پاختەكلى تەرەپتىن ئاغاردا ئۈن ئارتىلغان قېچىرنى ھەيدەپ بىرەيلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر قولىدا قامچا، بىر قولىدا پانۇس تۇتقان ھالدا قېچىرنىڭ ئارقىسىدىن بەخىرامان كېلەتتى. ئۇ بىردىنلا يول بويىدىكى چىمەنلىكتە تۇرغان قارا نەرسىنى كۆردى-دە، بۈگۈن ئامىتىم كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ خوش بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قانغا بويىلىپ ياتقان سادىقنى كۆرۈپ قورقۇپ،

كەتتى-دە، قولىدىكى قامچىنى تاشلاپ، بىر قولىنى كا-ناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ۋاي ئادەم ئۆلدى! قاراقچىلار ئادەم ئۆلتۈردى!

ھەممىدىن بۇرۇن ئاقساق باغۋەن تىلەك يېتىپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا ھەممە ياقنى «ئادەم ئۆلدى! قاراقچىلار ئادەم ئۆلتۈردى!» دېگەن ئاۋازلار قاپلىدى، ھەممە ئادەم بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، يىراق-يېقىندىن مەشئەل كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئارقىدىن يېزا ئاقسا-قىلىمۇ كەلدى. ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ ئىشنى يامۇلغا بېرىپ مەلۇم قىلدى، يامۇل تۆت قىزىل جىلىتكە كىي-گەن* ساقچىنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

— سادىق تەلپىي ئوڭدىن كېلىپ ئۆلمىگەن، بېقىنى يارىلانغانىدى. ساقچىلار ھېلىقى قېچىر ھەيدەپ كەلگۈ-چىدىن گەپ سورىدى. ئۇ پاختەكلىدىن كەلگۈچە سالت بايىنىڭ سامان قورساق ئوغلى قادىرنىڭ بىرنەچچە خىزمەتكارىنى باشلاپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، پاختەكلى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ساقچىلار باشقىلارنى ئالدى بىلەن بىرەر ئىشىك تېپىپ كېلىپ قادىرنى ياتقۇزۇپ، كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن قادىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قادىرنى باغلاپ يامۇلغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ خەۋەر ھەش-پەش دېگۈچىلا پۈتۈن قىزىلدۆۋىگە

---

* شۇ زامانلاردا، شىنجاڭدىكى ساقچىلار خىزمەت كىيىمى ئورنىدا قىزىل جىلىتكە كىيەتتى. ئۇنىڭدا بىر پارچە ئاق رەخت تىكىلگەن بولۇپ، «ساقچى» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

تارقالدى. سايىتاخۇن بىلەن ئايخان ئوغلىنىڭ يارى-
لانغانلىقىنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئاللا-تۈۋا توۋلاپ
دوختۇرخانىغا يۈگۈردى. يەتتە چاقىرىملىق دەريا بويى-
دىكى گۈللۈككە جايلاشقان ھەشەمەتلىك ئۆيدىكى رەناخان-
نىڭ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرىدىن چۆچۈدى.
ئۇ ھاشىمخاندىن سىرتتا بولغان قاتىللىقنى ئاڭلىدى.
ئۇ پىچاق تىقىلغان كىشىنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، دەل
ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن سادىق،
پىچاق تىققۇچىنىڭ ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدىغان قادىر
ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پىچاق ئۆز يۈرىكىگە سانجىلغاندەك
ئازابلاندى. يىغىندىن بۇيان ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا
ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، ئەمدى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ،
ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدى تېخىمۇ بوشاپ كەتتى، كۆزلىرىدە
ئوت چاقنىدى، دەرھاللا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. قايىتى-
باي ئائىلىسىدىكىلەر گويا ئەس-ھوشىنى يوقاتقاندەك
پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تېۋىپ، پېرىخونلارنى چاقىردى،
قۇرئان ئوقۇتتى، دىمىدە قىلدۇردى، پۈتۈن كېچە
كىرپىك قاقمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 19• سۆيگۈ خەتلىرى

رەناخاننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى، چېبىردخۇنلار: «مۇشۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا جىن باركەن» دېيىشتى، قايىتباي بىرنەچچە ئايدىن بۇيان يۈز بەرگەن غەلىتە ئىشلارنى — ئۆيىگە قاراقچى كىرگەنلىكى، ئۆينىڭ يېنىدا بىر ئادەمگە پىچاق تىقىلغانلىقى، ئەمدىلىكتە قىزىنىڭ ئېغىر يېتىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، مال-دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز كۆرسىمۇ، قىزىنىڭ سالامەتلىكى، ئائىلىسىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئاز-تولا بولسىمۇ روزىغارىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، بالا-قازادىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇ موللىلارنى چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتتى، ئەلە-مەھەللىنى چاقىرىپ نەزىر قىلدى.

گەرچە ئاللا دۇنيانىڭ نىجاتچىسى، ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولسىمۇ، ئەمما رەناخاننىڭ كېسىلىگە ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، رەناخاننىڭ تاۋى تۈزەلمىدى، ئۇ داۋالىنىشنى رەت قىلدى، ھېچقانداق دورا-دەرمەكنىمۇ يېگىلى ئۇنىمىدى. بۇنىڭ بىلەن قايىتباي ۋە ئايخان تېخىمۇ تىت-تىت بولدى. ئاقىۋەت رەناخان دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشنى تەلەپ قىلدى. قايىتباي ئىلىم-پەنگە مۇناسىۋەتلىك ھەر

قانداق ئىشقا جان-جەھلى بىلەن قارشى بولسىمۇ، ئەمما قىزى ئۈچۈن ھەممىگە ماقۇل ئىدى. ئۇ رەناخاننى قەشقەردىكى بىردىنبىر دوختۇرخانىغا ياتقۇزدى.

بۇ سادىق داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانا ئىدى، ئەسلىدە رەناخان زادىلا ئۆيدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ سادىق بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈنلا مۇشۇ ئامالنى تاپقانىدى. قايىتىباي بىلەن مەريەمخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟

شۇندىن باشلاپ، مەريەمخان بىلەن ھاشىمخان ھەر كۈنى بىر-ئىككى رەت تاماق، مېۋە-چېۋە ئېلىپ دوختۇرخانىغا كېلىدىغان بولدى. سادىقنىڭ ئانىسى ئايخانمۇ ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا كېلەتتى. ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان بۇ ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزى ئۈچۈن ماڭغان يولدا پات-پاتلا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولدى.

كۈن كەينىدىن كۈن ئۆتۈپ، ئون بەش كۈنچە بولغاندا سادىقنىڭ يارىسى خېلىلا ساقىيىپ قالدى، رەناخانمۇ ئۆيدىكىگە قارىغاندا ئوبدانلا تۈزىلىپ قالدى. بۇ ئىككىيلەن ياتقان ياتاقمۇ بىر-بىرىگە يېقىنلا ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەريەمخان بىلەن ئايخانمۇ تونۇشۇپ قالدى، ئۇلار بالىلارنىڭ ھالىنى سورىشىپ تۇراتتى. بىر كۈنى تاماق ئېلىپ كەلگەن ئايخان كارىدوردا مەريەمخانغا يولۇقۇپ قالدى. مەريەمخان ئايخاننى رەناخاننىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى. ئايخان كارىۋاتتا ئاسماندىكى تولۇن ئايدەك ياتقان ساھىبجامال رەناخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىرىپ پىشقان بىرنەچچە توغاچنى تەڭلىدى.

ئاندىن مەريەمخان بىلەن پاراڭغا چۈشتى.

— بىزنىڭ بۇ قىزىمىز بەكلا ئەركە چوڭ بولغان، دادىسى ئۇنى جېنىدەك كۆرىدۇ، — دېدى مەريەمخان، — ئۆيدىن ئايرىلمىدى، ئۆي ھوۋۇلداپلا قالدى. ئاللا ئۇنىڭغا مەدەت قىلغاي، تېزرەك ئوڭشىلىپ، پاتراق ئۆيگە قايتقاي.

— سىلەرنىڭ ئۆي يىراق ئەمەستۇ؟ — سورىدى ئايخان.

— بىزنىڭ ئۆي پايناپتا — دەريا بويىدا، يىراق ئەمەس.

— ھە؟ پايناپتىمۇ؟ بىزنىڭ ئوغۇلغىمۇ دەل شۇ يەردە خەقلەر پىچاق تىققۇەتكەن.

— مۇنداق دېسىلە، ھېلىقى قەستكە ئۇچرىغان يىگىت سىلىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ؟ ئۇ يەر بىزنىڭ گۈللۈكنىڭ يېنىدىلا.

رەناخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئايالنىڭ سادىقنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى سادىققا ئوخشايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەريەمخانمۇ پات-پات ئايخان بىلەن بىللە كىرىپ سادىقنى يوقلاپ تۇرىدىغان، ئۇنى-بۇنى ئالغاچ كىرىدىغان بولدى. بىراق سادىق بۇ ئايالنىڭ رەناخاننىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

بۈگۈن مەريەمخان بىلەن ئايخان قايتقاندىن كېيىن، رەناخان ئورنىدىن تۇردى-دە، «سادىق، ئاللا، سىلىگە شىپالىق بەرگەي، تېزدىن ساقايغايلا» دەپ ئىككى ئېغىز خەت يازدى. خەتنى كەمپۈت قەغىزىگە ئورىدى، ئاندىن



www.uyghurkitap.com

ھېلىقى كۆنى گۈللۈكنىڭ پاكار تېمى تۈۋىدە سادىق ئۆلتۈرۈپ قالغان دەرەختىن ئېلىپ بەرگەن روملىغا بىر-نەچچە ئالما، قەنت-گېزەكلەر بىلەن قوشۇپ چىگىدى ۋەكارىدورنى سۈپۈرۈۋاتقان ئايال خىزمەتكارنى چاقىرىپ، بۇنى سادىققا ئاپىرىپ بەرگەن بولسىلا، دېدى. ئايال خىزمەتكار سادىقنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە، ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. خىزمەتكار ئېلىپ كىرگەن نەرسىلەرنى كارىۋاتنىڭ بېشى تەرەپكە قويۇپ قويدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سادىق ئويغاندى. ئۇ كارىۋات بې-شىدىكى بولاقنى كۆرۈپ دەرھاللا يەشتى. ئەجەبلىنەرلىكى، بولاقتا كەمپۈت پەقەت بىر تاللا ئىدى. ئۇ كەمپۈت قە-غىزىنى ئېچىۋىدى، كۆزى ھېلىقى باغاقچىسىغا چۈشتى. ئۇ ھەيران بولۇپ خەتنى ئوقۇدى، دەماللىققا كىمنىڭ يار-غانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى. ئۇ روماللنى ئېچىپ قارىغاندىلا ھېلىقى كۆنى گۈللۈك تۈۋىدە بولغان ئىشنى ئەسكە ئالدى-دە، خەتنى رەناخاننىڭ يازغانلىقىنى چۈشەندى. دەل شۇ چاغدا ئايال خىزمەتكار كىرىپ كەلدى ۋە:

— بايىقى مېۋە، قەنت-گېزەكنى ئالتىنچى نومۇر-لۇق ياتاقتىكى خان قىز كىرگۈزگەنىدى، — دېدى.

سادىق ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، گۈلەقەلەرى ئېچىلدى، ئۇ روماللنى ياستۇقى ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ كۆڭلىگە ئاراملىق تاپتى. ئەتىسى يېنىدىن ئايرىلىدىغان قول ياغلىقىغا مېۋە-چېۋە ۋە بىر باغاقچىنى چىگىپ، ئايال خىزمەتكارغا ئازراق پۇل بېرىپ، رەناخانغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ باغاقچىسىغا: «رەناخان، سىزگە

بۇ يەردىكەنلا، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، تېخى كۆپلەر ئۆزۈن، مېنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا» دەپ يېزىلغانىدى.

رەناخان بۇ باغاقچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سادىقتىن بەكرەك شادلاندى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئايىشان مەريەمخاننى سادىقنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. ئۇ سادىقنىڭ كارىۋىتى بېشىدىكى رومالنى كۆرگەندىلا قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى.

## 20. مۇھەببەت ئۈچۈن

— ئاردىلقى ھەم يېقىن ھەم يىراق ئاشىق- مەشۇقلار دوختۇرخانىدا خېلى كۆپ مەخپىي خەتلەرنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، بارا- بارا ساقايدى- دە، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى.

بۇ چاغدا، سالىباي كۆپ پۇل خەجلىگەچكە، يامۇلمۇ ئۇنىڭ سامان قورساق ئوغلى قادىرنىمۇ قويۇۋەتكەنىدى.

سادىق ئۆيگە قايتقاندىن بېرى، گويا بىردەم ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغاندەك، رەناخاننىڭ روملىنى قولىدىن چۈشۈرمەي يۈردى. سايناخۇن بىلەن ئايخان ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، قايىتباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىشنى نىيەت قىلدى. گەرچە بۇ ئىككىيلەنگە ئىشنىڭ بەسى مۇشكۇللۇكى ئايان بولسىمۇ، ئەمما ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقماقچى بولدى. ئايخان دوختۇرخانىدا ئۇ پەرىدەك ساھىبجامالنى كۆرگەن بولغاچقا، ئوغلىغا بەكرەك ھېسداشلىق قىلاتتى.

سايناخۇن مەھەممەت ئاكا بىلەن رۇسۇلنى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ، سادىق ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىشنى مەسلىھەت قىلدى.

— قايىتباي تەرسا، كاج ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە

رەناخاننى قادىرغا ماقۇللىشىپ تويغان، مېنىڭچە بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەسمىكىن؟ — دېدى مەھەممەت ئاكا.

— ئۇنچىۋالا بولماس، — دېدى رۇسۇل، — سادىق بىلەن رەناخاننىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەلچىلىككە بارمىساق بولمايدۇ. «مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر» دېگەن گەپ بار، سادىق ئۈچۈن بىز بۇ يۈكنى كۆتۈرمىسەك بولمايدۇ.

مەھەممەت ئاكا رۇسۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غىلىڭ-پىلىڭ قىلمىدى. ئۇلار مەسچىتنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ، قايىتبايىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارىدىغان كۈننى مەسلىھەتلەشتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، بۇ ئۈچەيلەن قايىتبايىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىشىك دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئۆيدە قايىتباي چوتتا ھېساب-كىتاب قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىرگەن مېھمانلارنىڭ ئاددىي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېرەنسىزلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى.

مەھەممەت ئاكىنىڭ ئاغزى قىچىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق پۇرسەتلەرنى زادىلا قولدىن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، قايىتبايغا سۆز تاشلىدى:

— قايىتكا، پۇل تېپىشنىڭ يولى چىقىپ قالغاندۇ؟

قايىتباي ئويۇقسىز كەلگەن بۇ يوشۇرۇن ئوقتىن گاڭگىراپ قالدى، ئوسال ھالغا چۈشۈپ چوتنى قويۇپ،

ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى رۇسلىدى، ئۇ، بەلكىم بۇ ئەب-
لەخلەر ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىدى، ئاقارتىش
ئويۇشمىسى ئۈچۈن ياكى بىرەرى ئۆلگەن بولسا شۇنىڭ
ئۈچۈن پۇل دەپ كەلدى، ئەمما ئادىمىگەرچىلىك
قىلمىسام بولماس، دەپ ئويلىدى-دە:

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ،
سىرتقا قاراپ توۋلىدى، — تىلەك، چاي ئەكەل!

تىلەك چاي ۋە پەتنۇستا تىلىنغان قوغۇن ئەكىردى.
مەھەممەت ئاكا قوغۇننى قاساپ-قاساپ يېدى.

مېھمانلارنىڭ كېلىشى ئىچكەركى ئۆيدىكى مەريەم-
خاننى دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئىشىكنىڭ
يوچۇقىدىن قاراپ، مېھمانلارنىڭ قاتارىدىكى دائىم دوخ-
تۇرخانىغا بېرىپ سادىقنى يوقلايدىغان يىگىتنى كۆرۈپ،
ئۇلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىلغا قىلدى.
ئۇ ئىشىك تۈۋىدە جىمجىت تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پاراڭىغا
قۇلاق سالدى.

— ھە، قايسىلىرىڭنىڭ بوسۇغىمىزغا قەدەم تەشرىپ
قىلىشتىڭلار؟ نېمە مەقسەت بارىكىن؟ — سورىدى قايىتباي.

— بىز ئىئانە يىغقىلى، پۇل قەرز ئالغىلى كەلمە-
دۇق، — دېدى مەھەممەت ئاكا ئاۋۋال سۆز باشلاپ.

— ھە، ھەرقايسىلىرىڭنىڭ ئىئانە يىغىدىغانلاردىن
ئەمەسلىكى ماڭا ئايدىڭ.

— بىراق، بىز باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن
كەلدۇق، — دېدى مەھەممەت ئاكا تەنتەنە بىلەن.

قايىتباي ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇقالماي، يۈرىكى

ئاغقاندەك بولدى ـ دە:

— قېنى، قېنى، ئېغىز ئېچىشىلا، — دېدى.

— قادىر ئاللا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى، ئەمما ئاللا ئىنسانلارنىڭ بەختىنى بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلگەن، زەردارلار راھەت ـ پاراغەت كۆرىدۇ، نامراتلار رىيازەت چېكىدۇ. قايىستكا، بۇ سۆز توغرىمۇ؟

قايىتبايىنى تىترەك باستى، ئۇ بىرنەچچە ئەبلەخ ئىئانە يىغقىلى كەلمىگەن بولسا، يەر، ياكى ئاشلىق سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

مەھەممەت ئاكا ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ۋەھالەنكى، ئاللا ئىنسانلارغا مۇھەببەت بېرىشتە ئۇنى دەرىجىگە ئايرىمىغان، مۇھەببەت تەڭ سوققان ئىككى يۈرەككە تالىق بولۇپ، ئۇنى پۇلغا، مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل ـ مالنىلا دەپ، ئىككى يۈرەكنىڭ خاھىشىغا سەل قارالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى قايىتباي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئۇنداقتا، ھەر قايسىلىرىنىڭ مەقسىتى زادى نېمىكىن؟ — دېدى.

— بىز، — دېدى مەھەممەت ئاكا ئويلىنىپ تۇرمايلا، — خان قىزلىرىنىڭ قادىرغا ياتلىق بولۇشىنى خالىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق.



ئاغقاندەك بولدى ـ دە:
— قېنى، قېنى، ئېغىز ئېچىشىلا، — دېدى.
— قادىر ئاللا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى، ئەمما ئاللا ئىنسانلارنىڭ بەختىنى بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلگەن، زەردارلار راھەت ـ پاراغەت كۆرىدۇ، نامراتلار رىيازەت چېكىدۇ. قايىستكا، بۇ سۆز توغرىمۇ؟
قايىتبايىنى تىترەك باستى، ئۇ بىرنەچچە ئەبلەخ ئىئانە يىغقىلى كەلمىگەن بولسا، يەر، ياكى ئاشلىق سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.
مەھەممەت ئاكا ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ۋەھالەنكى، ئاللا ئىنسانلارغا مۇھەببەت بېرىشتە ئۇنى دەرىجىگە ئايرىمىغان، مۇھەببەت تەڭ سوققان ئىككى يۈرەككە تالىق بولۇپ، ئۇنى پۇلغا، مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل ـ مالنىلا دەپ، ئىككى يۈرەكنىڭ خاھىشىغا سەل قارالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.
مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى قايىتباي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— ئۇنداقتا، ھەر قايسىلىرىنىڭ مەقسىتى زادى نېمىكىن؟ — دېدى.
— بىز، — دېدى مەھەممەت ئاكا ئويلىنىپ تۇرمايلا، — خان قىزلىرىنىڭ قادىرغا ياتلىق بولۇشىنى خالىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق.
128

ئاغقاندەك بولدى ـ دە:
— قېنى، قېنى، ئېغىز ئېچىشىلا، — دېدى.
— قادىر ئاللا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى، ئەمما ئاللا ئىنسانلارنىڭ بەختىنى بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلگەن، زەردارلار راھەت ـ پاراغەت كۆرىدۇ، نامراتلار رىيازەت چېكىدۇ. قايىستكا، بۇ سۆز توغرىمۇ؟
قايىتبايىنى تىترەك باستى، ئۇ بىرنەچچە ئەبلەخ ئىئانە يىغقىلى كەلمىگەن بولسا، يەر، ياكى ئاشلىق سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.
مەھەممەت ئاكا ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ۋەھالەنكى، ئاللا ئىنسانلارغا مۇھەببەت بېرىشتە ئۇنى دەرىجىگە ئايرىمىغان، مۇھەببەت تەڭ سوققان ئىككى يۈرەككە تالىق بولۇپ، ئۇنى پۇلغا، مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل ـ مالنىلا دەپ، ئىككى يۈرەكنىڭ خاھىشىغا سەل قارالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.
مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى قايىتباي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— ئۇنداقتا، ھەر قايسىلىرىنىڭ مەقسىتى زادى نېمىكىن؟ — دېدى.
— بىز، — دېدى مەھەممەت ئاكا ئويلىنىپ تۇرمايلا، — خان قىزلىرىنىڭ قادىرغا ياتلىق بولۇشىنى خالىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق.
128

ئاغقاندەك بولدى ـ دە:
— قېنى، قېنى، ئېغىز ئېچىشىلا، — دېدى.
— قادىر ئاللا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى، ئەمما ئاللا ئىنسانلارنىڭ بەختىنى بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلگەن، زەردارلار راھەت ـ پاراغەت كۆرىدۇ، نامراتلار رىيازەت چېكىدۇ. قايىستكا، بۇ سۆز توغرىمۇ؟
قايىتبايىنى تىترەك باستى، ئۇ بىرنەچچە ئەبلەخ ئىئانە يىغقىلى كەلمىگەن بولسا، يەر، ياكى ئاشلىق سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.
مەھەممەت ئاكا ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ۋەھالەنكى، ئاللا ئىنسانلارغا مۇھەببەت بېرىشتە ئۇنى دەرىجىگە ئايرىمىغان، مۇھەببەت تەڭ سوققان ئىككى يۈرەككە تالىق بولۇپ، ئۇنى پۇلغا، مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل ـ مالنىلا دەپ، ئىككى يۈرەكنىڭ خاھىشىغا سەل قارالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.
مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى قايىتباي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ مەھەممەت ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— ئۇنداقتا، ھەر قايسىلىرىنىڭ مەقسىتى زادى نېمىكىن؟ — دېدى.
— بىز، — دېدى مەھەممەت ئاكا ئويلىنىپ تۇرمايلا، — خان قىزلىرىنىڭ قادىرغا ياتلىق بولۇشىنى خالىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق.
128

— ھەي! — قايىتباي يېنىك تىن ئالدى، — مەن
تېخى نېمە ئۈچۈنكىن، دەپتىمەن. بىز ئۈچۈن باش قا-
تۇرۇشقانلىرىڭغا رەھمەت. بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا باش
قاتۇرۇشمىسىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم
بىر ياقلىق قىلىمەن.
— ئەمما خان قىزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر ياقلىق
قىلالامالا؟ — دېدى مەھەممەت ئاكا بۆرۈتىنى تولغاپ قو-
يۇپ، — قايىتكا، سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا، ئاتا - ئانا
دېگەن بالا - چاقىنىڭ بەختىنى ئويلىمىسا بولمايدۇ،
بولمىسا، بالا - چاقىغا ئۆمۈرلۈك دەرد تېپىپ بېرىدۇ.
رەنا خېنىم قادىرنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سادىق بار ئىكەن، ئۇ ئىككەيلەننىڭ بېشىنى قوشۇپ
قويسىلا قانداق؟
— سادىق؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ — قايىتباي
ئەجەبلەندى.
— ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئوغلى.
— ھە! — قايىتباي جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى، — سەللەر مېنىڭ قىزىمنى موزدۇزنىڭ ئوغلى-
غا سوراپ كېلىشتىڭمۇ؟ بولدى، سۆزلەشمە، كۆزۈمدىن
يوقىلىش!
— قايناپ كەتمەڭ! — دېدى مەھەممەت ئاكا ئورنىدىن
تۇرۇپ قولى بىلەن قايىتباينى توسۇپ، — بۇ بىزنىڭ
گېپىمىز ئەمەس، سادىق بىلەن رەنا خېنىمنىڭ كۆڭۈل
سۆزى! بىز پەقەت شۇلارنىڭ سۆزىنىلا قىلدۇق.
— تۇفى! ئەگەر مېنىڭ قىزىم ئاشۇ يالاڭتۆشنى


— ھەي! — قايىتباي يېنىك تىن ئالدى، — مەن
تېخى نېمە ئۈچۈنكىن، دەپتىمەن. بىز ئۈچۈن باش قا-
تۇرۇشقانلىرىڭغا رەھمەت. بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا باش
قاتۇرۇشمىسىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم
بىر ياقلىق قىلىمەن.
— ئەمما خان قىزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر ياقلىق
قىلالامالا؟ — دېدى مەھەممەت ئاكا بۆرۈتىنى تولغاپ قو-
يۇپ، — قايىتكا، سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا، ئاتا - ئانا
دېگەن بالا - چاقىنىڭ بەختىنى ئويلىمىسا بولمايدۇ،
بولمىسا، بالا - چاقىغا ئۆمۈرلۈك دەرد تېپىپ بېرىدۇ.
رەنا خېنىم قادىرنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سادىق بار ئىكەن، ئۇ ئىككەيلەننىڭ بېشىنى قوشۇپ
قويسىلا قانداق؟
— سادىق؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ — قايىتباي
ئەجەبلەندى.
— ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئوغلى.
— ھە! — قايىتباي جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى، — سەللەر مېنىڭ قىزىمنى موزدۇزنىڭ ئوغلى-
غا سوراپ كېلىشتىڭمۇ؟ بولدى، سۆزلەشمە، كۆزۈمدىن
يوقىلىش!
— قايناپ كەتمەڭ! — دېدى مەھەممەت ئاكا ئورنىدىن
تۇرۇپ قولى بىلەن قايىتباينى توسۇپ، — بۇ بىزنىڭ
گېپىمىز ئەمەس، سادىق بىلەن رەنا خېنىمنىڭ كۆڭۈل
سۆزى! بىز پەقەت شۇلارنىڭ سۆزىنىلا قىلدۇق.
— تۇفى! ئەگەر مېنىڭ قىزىم ئاشۇ يالاڭتۆشنى
129

— ھەي! — قايىتباي يېنىك تىن ئالدى، — مەن
تېخى نېمە ئۈچۈنكىن، دەپتىمەن. بىز ئۈچۈن باش قا-
تۇرۇشقانلىرىڭغا رەھمەت. بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا باش
قاتۇرۇشمىسىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم
بىر ياقلىق قىلىمەن.
— ئەمما خان قىزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر ياقلىق
قىلالامالا؟ — دېدى مەھەممەت ئاكا بۆرۈتىنى تولغاپ قو-
يۇپ، — قايىتكا، سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا، ئاتا - ئانا
دېگەن بالا - چاقىنىڭ بەختىنى ئويلىمىسا بولمايدۇ،
بولمىسا، بالا - چاقىغا ئۆمۈرلۈك دەرد تېپىپ بېرىدۇ.
رەنا خېنىم قادىرنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سادىق بار ئىكەن، ئۇ ئىككەيلەننىڭ بېشىنى قوشۇپ
قويسىلا قانداق؟
— سادىق؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ — قايىتباي
ئەجەبلەندى.
— ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئوغلى.
— ھە! — قايىتباي جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى، — سەللەر مېنىڭ قىزىمنى موزدۇزنىڭ ئوغلى-
غا سوراپ كېلىشتىڭمۇ؟ بولدى، سۆزلەشمە، كۆزۈمدىن
يوقىلىش!
— قايناپ كەتمەڭ! — دېدى مەھەممەت ئاكا ئورنىدىن
تۇرۇپ قولى بىلەن قايىتباينى توسۇپ، — بۇ بىزنىڭ
گېپىمىز ئەمەس، سادىق بىلەن رەنا خېنىمنىڭ كۆڭۈل
سۆزى! بىز پەقەت شۇلارنىڭ سۆزىنىلا قىلدۇق.
— تۇفى! ئەگەر مېنىڭ قىزىم ئاشۇ يالاڭتۆشنى
129

— ھەي! — قايىتباي يېنىك تىن ئالدى، — مەن
تېخى نېمە ئۈچۈنكىن، دەپتىمەن. بىز ئۈچۈن باش قا-
تۇرۇشقانلىرىڭغا رەھمەت. بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا باش
قاتۇرۇشمىسىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم
بىر ياقلىق قىلىمەن.
— ئەمما خان قىزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر ياقلىق
قىلالامالا؟ — دېدى مەھەممەت ئاكا بۆرۈتىنى تولغاپ قو-
يۇپ، — قايىتكا، سۆزۈمگە قۇلاق سالسىلا، ئاتا - ئانا
دېگەن بالا - چاقىنىڭ بەختىنى ئويلىمىسا بولمايدۇ،
بولمىسا، بالا - چاقىغا ئۆمۈرلۈك دەرد تېپىپ بېرىدۇ.
رەنا خېنىم قادىرنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سادىق بار ئىكەن، ئۇ ئىككەيلەننىڭ بېشىنى قوشۇپ
قويسىلا قانداق؟
— سادىق؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ — قايىتباي
ئەجەبلەندى.
— ئۇ سايىتاخۇننىڭ ئوغلى.
— ھە! — قايىتباي جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى، — سەللەر مېنىڭ قىزىمنى موزدۇزنىڭ ئوغلى-
غا سوراپ كېلىشتىڭمۇ؟ بولدى، سۆزلەشمە، كۆزۈمدىن
يوقىلىش!
— قايناپ كەتمەڭ! — دېدى مەھەممەت ئاكا ئورنىدىن
تۇرۇپ قولى بىلەن قايىتباينى توسۇپ، — بۇ بىزنىڭ
گېپىمىز ئەمەس، سادىق بىلەن رەنا خېنىمنىڭ كۆڭۈل
سۆزى! بىز پەقەت شۇلارنىڭ سۆزىنىلا قىلدۇق.
— تۇفى! ئەگەر مېنىڭ قىزىم ئاشۇ يالاڭتۆشنى
129

ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بويىنى قۇشقاچنىڭ بويىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! بولدى، ئۆيۈمدىن چىقىش! كۆزدىن يوقىلىش! — قايىتباي سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى، — تىلەك! ھەي تىلەك! ماۋۇلارنى ئۈزىتىپ قوي!

مەھەممەت ئاكا قايىتباينىڭ ئەمدى گەپ يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولۇپ:

— ماقۇل ئەمىسە، كېيىنچە كۆرەرمىز! — دېدى.

مەھەممەت ئاكىلار كەتكەندىن كېيىن، مەريەمخان ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ــ دە، ئېرىدىن سورىدى:

— نېمانچە چېچىلىلا؟

— ماۋۇ ھايۋاندىن تۆرەلگەنلەر قىزىمىزنى موزدۇزنىڭ ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ! — گۈركىرىدى قايىتباي.

— ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار ئەلچىغۇ؟ ئەلچىنى تىللىماسلىق كېرەكتى.

— ئۇلار ئالجىپتۇ!

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، قىزىمىز قادىرنى خالىمىغانىكەن، سايىتاخۇننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلساقمۇ بولاتتى، قىزىمىز خالىسىلا بولاتتى.

— تۇفى! سەنمۇ ئالجىپسەن! **ئاشۇنداق بىر ياللاغۇچنىڭ** قىزىمىزنىڭ لايىقمۇ؟



ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بويىنى قۇشقاچنىڭ بويىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! بولدى، ئۆيۈمدىن چىقىش! كۆزدىن يوقىلىش! — قايىتباي سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى، — تىلەك! ھەي تىلەك! ماۋۇلارنى ئۈزىتىپ قوي!

مەھەممەت ئاكا قايىتباينىڭ ئەمدى گەپ يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولۇپ:

— ماقۇل ئەمىسە، كېيىنچە كۆرەرمىز! — دېدى.

مەھەممەت ئاكىلار كەتكەندىن كېيىن، مەريەمخان ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ــ دە، ئېرىدىن سورىدى:

— نېمانچە چېچىلىلا؟

— ماۋۇ ھايۋاندىن تۆرەلگەنلەر قىزىمىزنى موزدۇزنىڭ ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ! — گۈركىرىدى قايىتباي.

— ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار ئەلچىغۇ؟ ئەلچىنى تىللىماسلىق كېرەكتى.

— ئۇلار ئالجىپتۇ!

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، قىزىمىز قادىرنى خالىمىغانىكەن، سايىتاخۇننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلساقمۇ بولاتتى، قىزىمىز خالىسىلا بولاتتى.

— تۇفى! سەنمۇ ئالجىپسەن! ئاشۇنداق بىر ياللاغۇچنىڭ قىزىمىزنىڭ لايىقمۇ؟

130

ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بويىنى قۇشقاچنىڭ بويىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! بولدى، ئۆيۈمدىن چىقىش! كۆزدىن يوقىلىش! — قايىتباي سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى، — تىلەك! ھەي تىلەك! ماۋۇلارنى ئۈزىتىپ قوي!

مەھەممەت ئاكا قايىتباينىڭ ئەمدى گەپ يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولۇپ:

— ماقۇل ئەمىسە، كېيىنچە كۆرەرمىز! — دېدى.

مەھەممەت ئاكىلار كەتكەندىن كېيىن، مەريەمخان ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ــ دە، ئېرىدىن سورىدى:

— نېمانچە چېچىلىلا؟

— ماۋۇ ھايۋاندىن تۆرەلگەنلەر قىزىمىزنى موزدۇزنىڭ ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ! — گۈركىرىدى قايىتباي.

— ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار ئەلچىغۇ؟ ئەلچىنى تىللىماسلىق كېرەكتى.

— ئۇلار ئالجىپتۇ!

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، قىزىمىز قادىرنى خالىمىغانىكەن، سايىتاخۇننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلساقمۇ بولاتتى، قىزىمىز خالىسىلا بولاتتى.

— تۇفى! سەنمۇ ئالجىپسەن! ئاشۇنداق بىر ياللاغۇچنىڭ قىزىمىزنىڭ لايىقمۇ؟

130

ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بويىنى قۇشقاچنىڭ بويىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! بولدى، ئۆيۈمدىن چىقىش! كۆزدىن يوقىلىش! — قايىتباي سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى، — تىلەك! ھەي تىلەك! ماۋۇلارنى ئۈزىتىپ قوي!

مەھەممەت ئاكا قايىتباينىڭ ئەمدى گەپ يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولۇپ:

— ماقۇل ئەمىسە، كېيىنچە كۆرەرمىز! — دېدى.

مەھەممەت ئاكىلار كەتكەندىن كېيىن، مەريەمخان ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ــ دە، ئېرىدىن سورىدى:

— نېمانچە چېچىلىلا؟

— ماۋۇ ھايۋاندىن تۆرەلگەنلەر قىزىمىزنى موزدۇزنىڭ ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ! — گۈركىرىدى قايىتباي.

— ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇلار ئەلچىغۇ؟ ئەلچىنى تىللىماسلىق كېرەكتى.

— ئۇلار ئالجىپتۇ!

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، قىزىمىز قادىرنى خالىمىغانىكەن، سايىتاخۇننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلساقمۇ بولاتتى، قىزىمىز خالىسىلا بولاتتى.

— تۇفى! سەنمۇ ئالجىپسەن! ئاشۇنداق بىر ياللاغۇچنىڭ قىزىمىزنىڭ لايىقمۇ؟

130

www.uyghurkitap.com

— ھەي، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، جىگىرى بار يىگىتتۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ئالجىپسەن، كۆزۈمدىن يوقال! قېنى كىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىكەن، بىر كۆرەي!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، رەناخان ئۆزخانىسىدىن چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى. قايىتىباي ھەرقانچە تەرسا ـ كاج بولغىنى بىلەن، قىزىنى — يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ھامان بوشاپ قالاتتى.



— ھەي، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، جىگىرى بار يىگىتتۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ئالجىپسەن، كۆزۈمدىن يوقال! قېنى كىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىكەن، بىر كۆرەي!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، رەناخان ئۆزخانىسىدىن چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى. قايىتىباي ھەرقانچە تەرسا ـ كاج بولغىنى بىلەن، قىزىنى — يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ھامان بوشاپ قالاتتى.

131

— ھەي، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، جىگىرى بار يىگىتتۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ئالجىپسەن، كۆزۈمدىن يوقال! قېنى كىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىكەن، بىر كۆرەي!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، رەناخان ئۆزخانىسىدىن چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى. قايىتىباي ھەرقانچە تەرسا ـ كاج بولغىنى بىلەن، قىزىنى — يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ھامان بوشاپ قالاتتى.

131

— ھەي، ئۆزى نامرات بولسىمۇ، جىگىرى بار يىگىتتۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! ئالجىپسەن، كۆزۈمدىن يوقال! قېنى كىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىكەن، بىر كۆرەي!

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، رەناخان ئۆزخانىسىدىن چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى. قايىتىباي ھەرقانچە تەرسا ـ كاج بولغىنى بىلەن، قىزىنى — يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ھامان بوشاپ قالاتتى.

131

## 21. قىپچىش

مەھەممەت ئاكا قاتارلىقلارنىڭ قايىتباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھايالشىمايلا سالىباينىڭ قۇلىقىغا يەتتى، سالىباي دەرھاللا قايىتباينىڭكىگە مەسلىھەتكە ئادەم ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، سۆرەلگەن ئىش بۇزۇلار، دېگەندەك، تويىنى ئارقىغا سوزۇۋەرسەك بىرەر چاتاق چىقىسۇن دېيىشىپ، تويىنى بۇرۇنراق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

